تاھىر قادىر

# ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ ئاساسى

(مورفولوگىيە قىسمى)

# القواعد الأساسية للغة العربية

(قسم الصرف)

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

تاھىر قادىر

# ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىدىن ئاساس

(مورفولوگىيە قىسمى)

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

تأليف: طاهر عبد القادر

# القواعد الأساسية للغة العربية

(قسم الصرف)

دار النشر الصناعية و الصحية بشنجانغ (W)

# خُطْبَةُ الْكِتَابِ

إِنَّ الشَّغَفَ بِإِعَانَةِ الْمُتَعَلِّمِينَ عَلىٰ إِسْتِيعَابِ قَوَاعِدِاللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ وَتَرْتِيْبِهَا فِي أَذْهَانِهِمْ بِسُهُولَةٍ دَعَانِي إِلَىٰ تَأْلِيفِ هٰذَا الْكِتَابِ بِاللُّغَةِ الأُيغُورِيَةِ.

وَقَدْ جَعَلْتُ هٰذَا الْكِتَابَ مُرَتَّبًا عَلَى مُقَدِّمَةٍ وَ أَرْبَعَةِ أَبْوَابٍ، لِأَجْلِ زِيَادَةِ التَّسْهِيلِ فِي الْفَهْمِ أَتْبَعْتُ كُلَّ مَوْضُوعٍ بِأَمْثِلَةٍ وَتَمَارِينَ رَاجِيًا إِنْ يَكُونَ مِنْ وَرَاءِ ذٰلِكَ أَثَرٌ فِي الْإِنْتِفَاعِ بِهٰذَا الْكِتَابِ وَفِي يَقِينِي أَنَّ خِدْمَتِي هٰذِهِ سَتَكُونُ نَافِعَةً لِلْمُتَعَلِّمِينَ بِمَا أَنَّهَا تُرَاعِي حَالَهُمْ فِي مُخْتَلَفِ أَطْوَارِهِمْ. وَمَرْضِيَّةً عِنْدَالْمُعَلِّمِينَ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَكُونَ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ كُتُبٌ مِنْ هٰذَا الصِّنْفِ تُقَلِّلُ مِنْ عَنَائِهِمْ فِي الشَّرْحِ وَالتَّفْهِيمِ.

وَأَسْأَلُهُ سُبْحَانَهُ أَنْ يَنْفَعَ بِهِ الطُّلَّابَ وَأَنْ يَجْعَلَهُ عِنْدَهُ زُلْفَى وَحُسْنَ مَآبٍ وَهُوَ حَسْبِي وَنِعْمَ الْوَكِيلِ.

الْمُؤَلِّفُ: طَاهِرْ عَبْدُالْقَادِرِ

الْمُدَرِّسُ فِي مَعْهَدِالْعُلُومِ الْإِسْلَامِيَة

أُرُومْجِى فى 2 صفر سنة 1420 هـ

图书在版编目(CIP)数据

阿拉伯语语法基础：维吾尔文/塔依尔·卡德尔编著
乌鲁木齐：新疆科技卫生出版社，2000.1
ISBN 7-5372-2185-5

Ⅰ.阿… Ⅱ.塔… Ⅲ.阿拉伯语-语法
Ⅳ.H374

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 01532 号

责任编辑：阿不力克木·努尔买买提阿吉
校　　对：热依汗·努尔

阿拉伯语语法基础
塔依尔·卡德尔　编著
*
新疆科技卫生出版社(W)出版发行
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮编 830001)
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
*
850×1168 毫米 32 开本 12.25 印张
2000 年 1 月 第一版　2000 年 1 月第一次印刷
印数：1—5000　　定价：15.80 元

# تۈزگۈچىدىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەرەب تىلىغا ئائىت بىر تۈركۈم كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە قولايلىق يارىتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئىزاھلانغان ئەرەب تىلى گرامماتىكا كىتابىنىڭ تېخى ئىشلەنمىگەنلىكى بۇ ساھەدىكى بىر بوشلۇق ئىدى. ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش تەجرىبەلىرىم ئاساسىدا ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دەرسلىكى سۈپىتىدە بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم.

بۇ كىتاب تۆت بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەرەب تلى مورفولوگىيىسىگە دائىر ئاساسي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى بابدا سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، سۆز تۈركۈملىرى، مِيْزَانُ الصَّرْفِي (مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم)، سۆزلەرنىڭ صَحِيح ۋە مُعْتَل گە بۆلۈنۈشى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى بابدا ئىسىمنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى يەنى ئىسىم ئاخىرىنىڭ صَحِيْح ياكى مُعْتَل بولۇشى، ئىسىمنىڭ مذكر ۋە مؤنث دەپ ئايرىلىشى، ئىسىمنىڭ سان جەھەتتىن بۆلۈنۈشى، ئىسىمنىڭ اِسْمُ جَامِد، اِسْمُ مُشْتَق دەپ ئايرىلىشى، اِسْمُ مَصْدَر ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى بابدا پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى يەنى پېئىلنىڭ مُتَصَرِّف ۋە جَامِد قا بۆلۈنۈشى، لَازِم ۋە مُتَعَدِّى گە بۆلۈنۈشى، پېئىللارنىڭ مُجَرَّد،مَزِيْد گە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ

بابلارغا تەقسىم قىلىنىپ تۈرلىنىشى، إِعْلَال ۋە قَلْب قاتارلىق عِلْمُ الصَّرْفِ نىڭ مۇھىم تارماقلىرى أَقْسَامْلار بويىنچە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى بابدا بولسا ھەرپ (قوشۇمچە) ۋە ئىلىپبەنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىسىم بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ھەرپلەر، پېئىل بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ھەرپلەر، ھەمزىنىڭ يېزىلىشى، ئىب-لىپبە ۋە لۇغەت، لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى، لۇغەت ئاقتۇرۇش ئۇسۇ-لى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ.

كىتابتا ئەرەب تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈ-رۈشتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسامۇ ئەمەلىي تەبىر جەريانىدا قىس-مەن گراماتىكا ئاتالغۇلىرىنى ئەينەن ئەسلى ئاتالغۇسى بىلەن ئىبلىشنىڭ ئەرەب تىلىدا مۇفەسسەل بايان قىلىنغان گراماتىكا كىتابلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە مۇتالىئە قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەت-كە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتىكى ئاتالغۇلارنى ئەينەن قوللىنىپ ئىزاھلاش ئۇسۇلىدىن ئانچە چەت-نەپ كەتمىدىم. شۇنداقلا، يېزىقتىمۇ ئەسلى ئىملاسىنى ساقلاپ قالدىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ گراماتىكا قائىدىلىرىنى تىل ئەمەلىيىتى-گە باغلاپ ئۆگىنىشىگە قولايلىق بولۇشى ۋە شۇ خىل گراماتىكى-لىق ھادىسە بايان قىلىنغان جۈملە شەكىللىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ بىرىشى ئۈچۈن ھەربىر قائىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مىساللارنى، تەھلىل، مۇلاھىزىلەرنى، تۈرلۈك كۆنۈكمىلەرنى ھەمدە ھەر بىر پاراگراف ئاخىرىغا شۇ پاراگرافتا ئۇچرايدىغان يەككە سۆزلەرنى بەردىم. بۇ نوقتىدىن كىتاب تىل دەرسلىكىنىڭ

خاراكتېرىغا بىر ئاز يېقىنلاشتى بۇ خىل ئوقۇتۇش تەجرىبىسى-
دىن قارىغاندا قائىدىلەرنى ئەمەلىي مىساللار ۋە جۈملە شەكلىل-
رى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتقاندا ئوقۇغۇچىلار ئۈچ ئايغا يەتمى-
گەن ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىگە دائىر ئاساسىي
بىلىملەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپلا قالماستىن مورفولوگىيىلىك
ھادىسىلار، گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بىر قىسىم جۈملە شەكلىل-
رى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقالايدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە كەسىپداشلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللى-
شى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتىم، بولۇپمۇ ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇللا
ھاجى كۆپ جەھەتلەردىن ياردەمدە بولدى. ئۇلارغا مىننەتدارلى-
قىمنى بىلدۈرىمەن. مەزكۇر كىتابنىڭ يېتەرسىزلىك جايلىرىنى
كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

[illegible]

[illegible] پايان [illegible]

[illegible] قىلىشتا [illegible] ئەھمىيىتى.

[illegible] ئوقۇتۇشنىڭ

[illegible] ئىزاھلاش ئۇسۇلىدىن ئانچە [illegible]

[illegible] ئەسلى ئىملاسىنى ساقلاپ

[illegible]

[illegible] ئاتالغۇلارنى تىل [illegible]

[illegible] شۇ خىل [illegible]

[illegible] بىلەن [illegible]

[illegible] مۇناسىۋەتلىك [illegible]

[illegible]

[illegible] شۇ پاراگرافتا ئۇچرايدىغان

[illegible] كىتاب تىل دەرسلىكىنىڭ

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ (1)

بىرىنچى باب سۆز ........................ (3)

§ 1 . سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ........................ (3)

§ 1 . سۆز تۈركۈملىرى ........................ (5)

1. اَلْاِسْمُ ........................ (5)

2. اَلْفِعْلُ ........................ (6)

1) اَلْفِعْلُ الْمَاضِى ........................ (7)

2) اَلْفِعْلُ الْمُضَارِعُ ........................ (7)

3) فِعْلُ الْأَمْرِ ........................ (8)

3. اَلْحَرْفُ ........................ (8)

§ 3 . مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم ........................ (11)

§ 4 . سۆزلەرنىڭ ساق ۋە كېسەلگە بۆلۈنۈشى ........................ (18)

1. صَحِيْحٌ ........................ (18)

1) سَالِمٌ ........................ (18)

2) مُضَاعَفٌ ........................ (18)

3) مَهْمُوز ........................ (19)

2. مُعْتَل ........................ (20)

1) مِثَالٌ ........................ (20)

2) اَجْوَفُ ........................ (20)

3) نَاقِصٌ ........................ (20)

4) لَفِيْفٌ ........................ (20)

5) مُلْتَوِى ........................ (20)

ئىككىنچى باب ئىسىمنىڭ مورفولوگىيىلىك

خۇسۇسىيەتلىرى ......................... (24)

§ 1 . ئىسمنىڭ ئاخىر ساق ۋە كېسەل بولۇش

جەھەتتىن بۆلۈنۈشى ......................... (25)

1. اَلاِسْمُ الْمُعْتَلُ الأخِر ......................... (25)

2. اَلْإسْمُ الصَّحِيْحُ الاخِر ......................... (26)

§ 2 . ئىسمنىڭ جنس تۈرى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى ......... (28)

1. الاسْمُ الْمُذَكَّرُ ......................... (28)

2. الاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ ......................... (29)

§ 3 . ئىسمنىڭ سان جەھەتتىن بۆلۈنۈشى ......... (36)

1. اَلْإسْمُ الْمُفْرَدُ ......................... (36)

2. اَلاِسْمُ الْمُثَنّٰى ......................... (36)

3. اَلاِسْمُ الْجَمْعُ ......................... (37)

§ 4 . ئىسمنىڭ ئېنىقسىزلىق ۋە ئېنىقلىق جەھەتتىن بۆلۈنۈشى ...... (47)

1. اَلاِسْمُ النَّكِرَةُ ......................... (47)

2. اَلاِسْمُ الْمَعْرِفَةُ ......................... (47)

§ 5 . نىسبىي سۈپەت ......................... (59)

§ 6 . كىچىكلىتىش ئىسمى ......................... (66)

§ 7 . ئىسىم ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ......................... (71)

1. اَلْاِسْمُ الْجَامِدُ ......................... (71)

2. اَلاِسْمُ الْمُشْتَقُّ ......................... (75)

§ 8 . مَصْدَرْ ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى ......................... (78)

1. اَفْعَالْ مُشْتَقَّةْ (مشتق پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىشى ......................... (81)

2. اَسْمَاءْ مُشْتَقَّةْ (مشتق ئىسىملار) نىڭ تۈرلىنىشى ......................... (106)

## ئۈچىنچى باب پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك

خۇسۇسىيەتلىرى ......................... (127)

§ 1 . پېئىلنىڭ مُتَصَرِّفْ ۋە جَامِدْقا بۆلۈنۈشى ...... (127)

1. فِعْلٌ مُتَصَرِّفٌ ........................ (128)
2. فِعْلٌ جَامِدٌ ........................ (128)
§2. پېئىلنىڭ مەمولغا قاراپ بۆلۈنۈشى ........ (129)
1. اَلْفِعْلُ الْمُتَعَدِّي ........................ (129)
2. اَلْفِعْلُ اللاَّزِمُ ........................ (129)
§3. پېئىلنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى قۇرۇلمىسىغا قاراپ بۆلۈنۈشى ...... (131)
1. اَلْفِعْلُ الْمُجَرَّدُ ........................ (131)
1. اَلْفِعْلُ الْمُجَرَّدُ الثُّلاَثِي ........................ (137)
1. فَعَلَ يَفْعِلُ بابى ........................ (137)
2. فَعَلَ يَفْعُلُ بابى ........................ (176)
3. فَعَلَ يَفْعَلُ بابى ........................ (198)
4. فَعِلَ يَفْعَلُ بابى ........................ (204)
5. فَعِلَ يَفْعِلُ بابى ........................ (225)
6. فَعُلَ يَفْعُلُ بابى ........................ (229)
2. اَلْفِعْلُ الْمُجَرَّدُ الرُّبَاعِيُّ ........................ (238)
2. اَلْفِعْلُ الْمَزِيدُ ........................ (247)
1. اَلْفِعْلُ الْمَزِيدُ الثُّلاَثِيُّ ........................ (255)
1. اِفْعَالٌ بابى ........................ (255)
2. تَفْعِيلٌ بابى ........................ (271)
3. مُفَاعَلَةٌ بابى ........................ (277)
4. اِفْتِعَالٌ بابى ........................ (285)
5. اِنْفِعَالٌ بابى ........................ (299)
6. اِفْعِلاَلٌ بابى ........................ (304)
7. تَفَعُّلٌ بابى ........................ (309)
8. تَفَاعُلٌ بابى ........................ (316)
9. اِفْعِيلاَلٌ بابى ........................ (322)

10. اِسْتِفْعَالٌ بابى ...................... (325)
11. اِفْعِوْعَالٌ بابى ...................... (330)
12. اِفْعِوَّالٌ بابى ...................... (333)
2. اَلْفِعْلُ الْمَزِيدُ الرُّبَاعِيُّ ...................... (337)
1. تَفَعْلُلٌ بابى ...................... (339)
2. اِفْعِنْلَالٌ بابى ...................... (341)
3. اِفْعِلَّالٌ بابى ...................... (344)
§4. پېئىلنىڭ تەكىتلىنىشى ...................... (353)

## تۆتىنچى باب ھەرپ ۋە ئېلىپبە ...................... (358)

§1. ئىسىم بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ھەرپلەر ...................... (358)
§2. پېئىل بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ھەرپلەر ...................... (359)
§3. قوشۇلماي ئوقۇلىدىغان ھەمزە ۋە قوشۇلۇپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە ...................... (363)
§4. لۇغەت ئاقتۇرۇش ...................... (368)

# مۇقەددىمە

قَوَاعِدُاللُّغَةِ (گرامماتىكا) دېگەن سۆز بىرىنچىدىن تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى دېگەن مەنىنى، ئىككىنچىدىن تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىسىنىڭ ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

مانا مۇشۇ قائىدە - قانۇنىيەتلەر قَوَاعِدُاللُّغَةِ يەنى تىلنىڭ گرامماتىكىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

قواعِدُاللغَةِ العَرَبيَّةِ (ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى) عِلْمُ الصَّرْفِ (مورفولوگىيە)، عِلْمُ النَّحْوِ (سىنتاكسىس) دىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

علمُ الصرفِ - سۆزلەرنى ۋە سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى، يەنى يەككە سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ جۈملە قۇرۇلمىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى يەككە ھالىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان پەندۇر.

سۆزلەر جۈملە تەركىبىگە كىرگەندە ھەر خىل قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردە بولىدۇ. مەسىلەن: قِرَاءَةٌ (ئوقۇماق) دېگەن سۆزنى ئالساق بۇ سۆز ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن جۈملە تەركىبىدە [قَرَأْتُ (ئوقۇدۇم)، قَرَأْتَ (ئوقۇدۇڭ)، يَقْرَأُ (ئوقۇيدۇ)، اِقْرَأْ (ئوقۇ)، أَقْرَأُ (ئوقۇيمەن)] دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشلەرگە كىرىپ، تۈرلۈك ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھەرخىل گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

عِلْمُ النَّحْوِ سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ جۈملە قۇرۇلمى-
سىغا كىرىش ھالىتىنى ۋە بىرىكىپ جۈملە قۇرۇلمىسى-
غا كىرگەندىن كېيىنكى گراماتىكىلىق ئورنىغا، باغ-
لىنىش مۇناسىۋىتىگە قاراپ، سۆز ئاخىرىدىكى «إِعْ-
رابْ» نىڭ قانداق ھالەتتە كېلىدىغانلىقىنى ۋە قانۇنىيى-
تىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان پەن.

عِلْمُ الصَّرْفِ بىلەن عِلْمُ النَّحْوِ بىر- بىرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان
تىل ساھەلىرىدۇر.

دېمەك ھەر بىر كَلِمَةُ (سۆز) نىڭ علم الصرف
قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ياسىلىشى ۋە قۇرۇلۇشى علم الن-
حو نىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان جۈملىنىڭ ئاساسى.
شۇڭا ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئەرەب تىلىدىن
باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن علم الصرف
نىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىشى تو-
لىمۇ مۇھىم.

# اَلْبَابُ الْأَوَّلُ اَلْكَلِمَةُ

## بىرىنچى باب سۆز

مەلۇم بىر مەناغا دالالەت قىلىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى كلمة دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر بىر سۆز تۈركۈمى ئۆز نۆۋىتىدە ھەم كلمة دەپ ئاتىلىدۇ.

## 1 § . تَكَوُّنُ الْكَلِمَاتِ

### سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

ھەر قانداق بىر كلمة تىلنىڭ ئاساسى بولغان تىل تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان بەلگە اَلْحَرْفُ (ھەرپ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەب تىلىدا 28 ھەرپ بار بولۇپ، «اَلِفْ» دىن باشلىنىپ، «يَاءْ» دا ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ھەرپلەر ئىچىدىن «اَلِفْ، وَاوْ، يَاءْ» دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ سۆز تەركىبىدە كەلگەندە ئۆزگىرىشىنى كۆپ قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، حَرْفُ عِلَّةٍ يەنى كېسەل ھەرپ دەپ، قالغان 25 ھەرپ بولسا صحيح يەنى ساق ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ ھەرپ عِلْمُ الصَّوْتِ يەنى فونېتىكا ئىلمىدە حَرْفُ مَد (سوزۇق تاۋۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرپلەردىن سۆزلەر تۈزۈلىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەر بىردىن يەتتىگىچە بولغان ھەرپلەردىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن:

بىر ھەرپ: أَ، بِ، لِ.

ئىككى ھەرپ: مَنْ، هُوَ، هِيَ، هُمْ.

ئۈچ ھەرپ: أَنَا، نَحْنُ، اَنْتَ، صَنَعَ.

تۆت ھەرپ: اَنْتُمْ، طَالِبٌ، مُدِيْرٌ، زَلْزَلَ.

بەش ھەرپ: أَنْتُمَا، تَزَلْزَلَ.
ئالتە ھەرپ: طَبَاشِيْرُ، اِسْتَعْمَلَ، أُرْجُوحَةٌ.
يەتتە ھەرپ: بَاذِنْجَانُ، فُسَيْفِسَاءُ.

## 1 ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى كلمەلەر تەركىب تاپقان ھەرپلەر-نىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— مَنْ أَنْتَ؟
- أَنَا عَلِيٌّ.
— أَ هٰذَا مُصْطَفَى؟
— لَا، هٰذَا عَبْدُاللّٰهِ.
— مَنْ هٰذِهِ؟
— هٰذِهِ آمِنَةُ.
— مَنْ أَنْتُمَا؟
— نَحْنُ بَكْرٌ وَعُمَرُ.
— مَنْ أَنْتُمْ؟
— نَحْنُ عُمَرُ وَخَالِدٌ وَ نَاصِرٌ.
— مَنْ هُوَ؟
— هُوَ مَحْمُودٌ، وَهُوَ طَالِبٌ مُجْتَهِدٌ.
— وَمَنْ هِيَ؟
— هِيَ خَدِيجَةُ وَهِيَ طَالِبَةٌ مُجْتَهِدَةٌ.

### يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| أَ | ما، مۇ | بِ | بىلەن |
| مَنْ | كىم | لَا | ياق |
| هُوَ | ئۇ (ئەر) | هِيَ | ئۇ (ئايال) |
| هُمَا | بۇ ئىككىسى | هُمْ | ئۇلار |

| | |
|---|---|
| هٰذَا | بۇ (ئەر) |
| اَنَا | مەن |
| اَنْتَ | سەن |
| اَنْتُمْ | سىلەر |
| طَالِبَةٌ | قىز ئوقۇغۇچى |
| طَبَاشِيْرُ | بور |
| اُرْجُوحَةٌ | گۈلەڭگۈچ |
| فُسَيْفِسَاءُ | چاقچۇق |
| تَزَلْزَلَ | تەۋرىدى |

| | |
|---|---|
| هٰذِهِ | بۇ (ئايال) |
| نَحْنُ | بىز |
| اَنْتُمَا | ئىككىڭلار |
| طَالِبٌ | ئوغۇل ئوقۇغۇچى |
| كُرَّاسَةٌ | دەپتەر |
| مُجْتَهِدٌ | تىرىشچان |
| بَاذِنْجَانُ | پەتىنگان |
| صَنَعَ | ياسىدى |
| اِسْتَعْمَلَ | ئىشلەتتى |

## 2 § . اَقْسَامُ الْكَلِمَةِ
## سۆز تۈركۈملىرى

ھەر قانداق بىر تىلدا سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى سۆز تۈركۈملىرى تىلنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبى قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب تىلىدا كَلِمَاتٌ يەنى سۆزلەر ئەڭ ئالدى بىلەن اَلاِسْمُ (ئىسىم)، اَلْفِعْلُ (پېئىل)، اَلْحَرْفُ (ياردەمچى) دېگەنلەردىن ئىبارەت ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. اَلْاِسْمُ

الاسم-ئىنسانغا ۋە باشقا جانلىقلارغا، جانسىزلارغا، ماكانغا، زامانغا، سۈپەتكە ياكى زاماندىن خالىي بولغان ئىش - ھەرىكەت نامىغا دالالەت قىلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن:

رَجُل فَرَسٌ حَجَرٌ

مَكَّةُ   أُسْبُوعٌ   نَظِيفٌ

زُهْرَةٌ   مُذَاكَرَةٌ

لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئىسىملار بولۇپ، ئۇ، سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىسىملار ھەرىپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ئۈچ ھەرىپلىك، تۆت ھەرپلىك، بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك، يەتتە ھەرپلىك دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

جَبَلٌ   بَيْتٌ   قَلَمٌ

كَبِيرٌ   صَغِيرٌ   أَرْجُوحَةٌ

سَيَّارَةٌ   جَدِيدٌ   سَبُّورَةٌ

## 2. اَلْفِعْلُ

اَلْفِعْلُ-مەخسۇس بىر زاماندا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

پېئىللار جۈملىدە سۆز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ ھەر خىل سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ جۈملە قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي ۋە يېتەكچى رول ئويناش بىلەن بىللە جۈملىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىگە ۋە ئىراب ئۆزگىرىشلىرىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. پېئىل ئىككى ئىشنى بىلدۈرىدۇ: بىرى مەنا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك زامان، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق زاماندا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ياكى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مورفولوگىيىلىك كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى دەپ ئاتى-

لىدۇ.

پېئىل ئۆزى بىلدۈرگەن زامان ئۇقۇمى جەھەتتىن اَلْفِعْلُ الْمَاضِي (ئۆتكەن زامان پېئىل)، اَلْفِعْلُ الْمُضَارِعُ (كېلىدىغان زامان پېئىلى)، اَلْفِعْلُ الأَمْرُ (بۇيرۇق پېئىل) دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

1) اَلْفِعْلُ الْمَاضِي

اَلْفِعْلُ الْمَاضِي، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۆتكەن زاماندا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

كَتَبَ فتَحَ نَزَلَ

2) اَلْفِعْلُ الْمُضَارِعُ

اَلْفِعْلُ الْمُضَارِعُ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى شۇ ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

يَكْتُبُ يَفْتَحُ يَنْزِلُ

بۇ پېئىلنىڭ ھازىرقى زاماننى ياكى كېلىدىغان زاماننى ئىپادىلىشى شۇ پېئىلنىڭ جۈملىدىكى ئورنىدىن سىرت مەخسۇس قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يەنى اَلْفِعْلُ الْمُضَارِعُ نىڭ ئالدىغا «ما» النَافِيَةُ ـ «اَنْ» النَافِيَةُ ـ «لَيْسَ» «النَافِيَةُ» ـ لامُ الاِبْتِداءِ ـ الآنَ» دىن ئىبارەت بەش دانە قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ھازىرقى زاماننى ئىپادىلىسە، «سِين، سَوْفَ» ۋە«اَنْ، لَنْ، كَيْ، إِذَنْ»قاتارلىق «نواصب» لار،«لَمْ، لَمَّا»دىن باشقا

«إِذَا، إِنْ، لَا»قاتارلىق «جوازم» لار ۋە تەئكيد نونلىرى قاتارلىقلار-نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن كېلىدىغان زامانىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

3) فِعْلُ ٱلأَمْرِ

فِعْلُ الأَمْرِ— ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىككىنچى شەخس تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا چىقىرىلىش تەلىپىنى بىلدۇرۇپ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

اِفْتَحْ    اُكْتُبْ    اِنْزِلْ

## 3. اَلْحَرْفُ

الحرف-ئۆز ئالدىغا تولۇق لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، لېكىن لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ۋە جۈملىلەر بىلەن بىللە كېلىپ ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش، تەكىتلەش، سۆزلەر ۋە جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

مەسىلەن:

مِنْ    عَلىٰ    فِي
اَلْبَاءُ    اَلْكَافُ    اللَامُ
حَتّىٰ    يَا    مَا
لَا    اِنْ    اِنَّ
وَ    فَ

## 2- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن ئىسىملار قايسى شەيئىگە دالالەت

قىلىدۇ؟
1) اَلْأُسْتَاذُ يَكْتُبُ عَلىٰ السَّبُّورَةِ بِالطَّبَاشِيْرِ
2) جِسْمُ اَلْفَرَسِ كَبِيْرٌ مِنْ جِسْمِ الْإِنْسَانِ
3) نَزَلَ الثَّمَرُ مِنَ الشَّجَرَةِ عَليٰ الارْضِ
4) هٰذَا مَكْتَبٌ كَبِيْرٌ، اَلْمَكْتَبُ جَدِيْدٌ وَ نَظِيْفٌ
وَاَمَّا هَذَا الْكُرْسِيُّ فَقَدِيْمٌ وَ وَسِخٌ
5) اَلْفَصْلُ مَكَانُ الْقِرَاةِ وَ الْمُذَاكَرَةِ

## 3. كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى دىئالوگنى ئوقۇپ ئىسىم، پېئىل، ھەرپنى ئاي-رىڭ.

- يَا بَكْرُ مِنْ أَيْنَ جَاءَ خَالِدٌ؟
— جَاءَ مِنْ كُشَارْ.
- بِمَ جَاءَ خَالِدٌ مِنْ كُشَارْ؟
— جَاءَ بِالسَّيَّارَةِ
- مَتىٰ جَاءَ؟
— جَاءَ فِي الْأُسْبُوعِ الْمَاضِي.
- الي اين يَذْهَبُ الان؟
— هُوَ يَذْهَبُ الآنَ اِليَ اَلْفَصْلِ
- مَاذَا يَفْعَلُ فِي اَلْفَصْلِ؟
— يَقْرَأُ الدَّرْسَ وَيُذَاكِرُ بَعْدَ الْمُذَاكَرَةِ يَذْهَبُ اِلىَ الْمَكْتَبَةِ.

### يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| رَجُلٌ | ئەركىشى | فَرَسٌ | ئات |
| حَجَرٌ | تاش | زَهْرَةٌ | گۈل |

| | | | |
|---|---|---|---|
| أُسْبُوعٌ | ھەپتە | نَظِيْفٌ | پاكىز |
| مُذَاكَرَةٌ | مۇزاكىرە، قىلماق | جَبَلٌ | تاغ |
| بَيْتٌ | ئۆي | جَدِيْدٌ | يېڭى |
| كَبِيْرٌ | چوڭ | صَغِيْرٌ | كىچىك |
| سَبُّورَةٌ | دوسكا | سَيَّارَةٌ | ماشىنا |
| كَتَبَ | يازدى | يَكْتُبُ | يازىدۇ |
| أُكْتُبْ | ياز | فَتَحَ | ئاچتى |
| يَفْتَحُ | ئاچىدۇ | إِفْتَحْ | ئاچ |
| نَزَلَ | چۈشتى | يَنْزِلُ | چۈشىدۇ |
| إِنْزِلْ | چۈش | اَلْآنَ | ھازىر |
| مِنْ | دىن، تىن | إِلَي | غا، قا، گە، كە |
| عَلَي | ئۈستىدە، ئۈستىگە | فِي | دا، دە، تا، تە |
| بِ | بىلەن | كَ | ئوخشاش |
| لِ | ئۈچۈن نىڭ | يَا | ئەي، ھەي |
| مَا | نىمە | لَا | ياق |
| إِنْ | ئەگەر، سا، سە | وَ | ۋە |
| فَ | بولسا، ئاندىن | ثَمَرٌ | مېۋە |
| أَرْضٌ | يەر | وَسِخٌ | مەينەت |
| جَاءَ | كەلدى | كَشَّارٌ | كۆچار |
| يَذْهَبُ | بارىدۇ | يَفْعَلُ | قىلىدۇ |

## § 3 . اَلْمِيزَانُ الصَّرْفِيّ

## مورفولوگىيلىك ئۆلچەم

ئەرەب تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەر ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، بۇنداق سۆزلەر بولسا اَصْلُ الْكَلِمَةِ (سۆز يىلتىزى) دەپ، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ھەرپلىرى بولسا حَرْفُ اَصْلِي (ئەسلى ھەرپ) دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنە بىر قىسىم سۆزلەر اَصْلُ الْكَلِمَةِ گە بىر ياكى بىر قانچە ھەرپ قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ قوشۇلغان ھەرپلىرى بولسا «حَرْفُ زَائِدٌ» يەنى ئارتۇق ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «كَتَبَ» دېگەن سۆزدىكى «ك ت ب» دېگەن ھەرپلەر حرف اصلي ھېسابلىنىدۇ. «كَاتِبٌ، مَكْتَبٌ، مَكْتُوبٌ، كِتَابَةٌ، يَكْتُبُ» دېگەن سۆزلەردىكى «ا، م ، و ، ة ، ي» قاتارلىق ھەرپلەر بولسا «اصل الكلمة» گە قوشۇلۇپ سۆز ياساشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن حرف زائد ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب تىلى تىلشۇناسلىرى ئەرەب تىلىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سۆز قۇرۇلمىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يەنى ئۇنىڭ قايسى سۆز يىلتىزىغا مەنسۇپ ئەسلى ھەرپلىك سۆز ئىكەنلىكىنى بېكىتىش ئۈچۈن، بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئۆلچەم «فَاءٌ، عَيْنٌ، لَامٌ» دۇر. بۇ عِلْمُ الصَّرْفِ دە مِيزَانُ (ئۆلچەم) دەپ، بۇنىڭ مەلۇم بىر سۆزگە ئۇدۇللانغان شەكلى بولسا اَلْوَزْنُ (ۋەزىن) دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، حرف اصلي ئۈچ بولغان سۆز يىلتىزىنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە «ف»، ئىككىنچى ھەرپىگە «ع»، ئۈچىنچى ھەرپىگە «ل» ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنە مەلۇم بىر سۆزنىڭ ھەرىكىتى يەنى ئاستى، ئۈستىدىكى تاۋۇش بەلگىلىرى قانداق بولغان بولسا، ۋەزىنىنىڭ

ھەرىكىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن شَكَرَ، فَعَلَ ۋەزنىدە حَسِبَ فَعِلَ ۋەزىنىدە عُمَرُ فُعَلُ ۋەزىنىدە بولغان بولىدۇ.

ئەگەر اصل الكلمة تۆت ھەرپلىك ياكى بەش ھەرپلىك سۆزلەردىن بولۇپ قالغان تەقدىردە بۇنىڭ تۆتىنچى ھەرپىنىڭ مِيْزَانِ غا بىر لام قوشۇلۇپ «فَعْلَلَ»، بەشىنچى ھەرپىنىڭ مِيْزَانِ غا ئىككى لام قوشۇلۇپ «فَعْلَلِلْ» قىلىنىدۇ. مەسىلەن: دَحْرَجَ فَعْلَلَ ۋەزنىدە، جَعْفَرُ فَعْلَلُ ۋەزنىدە جَحْمَرِشْ فَعْلَلِلٌ ۋەزنىدە بولغان بولىدۇ.

دىمەك، حرف اصلي ئۈچ ھەرپلىك اصل الكلمةدە ئۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ ميزانى «فا، عين، بىرلام».

حرف اصلى تۆت ھەرپلىك اصل الكلمةدە تۆت بولىدۇ، ئۇنىڭ ميزانى «فاء، عين، ئىككى لام».

حرف اصلي بەش ھەرپلىك اصل الكلمةدە بەش بولىدۇ، ئۇنىڭ ميزان «فاء، عين، ئۈچ لام».

«فاء، عين، بىرلام» — «فاء عين، ئىككى لام».

«فاء، عين، ئۈچ لام»نىڭ باراۋىرىدىكى ھەرپلەر حرف اصلى دەپ، ئۇلارنىڭ باراۋىرىدە بولمىغان ھەرپلەر حرف زائد (ئارتۇق ھەرپ) دەپئاتىلىدۇ.

حرف زائد ئارتۇقلىق سۆزدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر حرف اصلي ساقلىنىپ قالىدۇ.

حرف زائد سۆز يىلتىزىغا تۈرلۈك شەكىلدە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇلار «سَأَلْتُمُونِيْهَا» دىگەن سۆزدە توپلانغان «س، أ، ل، ت، م، و، ن، ي ، ە، ا»دىن ئىبارەت ئون ھەرپلەردۇر. بۇ ھەرپلەرنىڭ مەلۇم بىر سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇشى شۇ سۆزنىڭ مەنىلىرىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

حرف زائد دىن بىر ياكى بىر قانچىسى مەلۇم بىر سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ كەلسە، قوشۇلۇپ كەلگەن ھەرپلەرنىڭ ئۆز

ئەينى ئاشۇ سۆزلەرنىڭ مىزان ئىلمۇ، ۋەزنىگىمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

| أَصْلُ الْكَلِمَةِ سۆز يىلتىزى | اَلْوَزْنُ ۋەزنى | اَلْكَلِمَةُ الْمَزِيدَةُ ھەرپ قوشۇلغان سۆز | اَلْوَزْنُ ۋەزنى | اَلْمِيزَانُ مىزانى | حَرْفٌ زَائِدٌ ئارتۇق ھەرپ |
|---|---|---|---|---|---|
| فَتَحَ | فَعَلَ | أَفْتَحَ | أَفْعَلَ | فا، عىن، ۋەلام | أ |
| فَتَحَ | فَعَلَ | فَاتِحٌ | فَاعِلٌ | فا، عىن، ۋەلام | ا |
| فَتَحَ | فَعَلَ | مَفْتُوحٌ | مَفْعُولٌ | فا، عىن، ۋەلام | م، و |
| فَتَحَ | فَعَلَ | اِسْتَفْتَحَ | اِسْتَفْعَلَ | فا، عىن، ۋەلام | ا، س، ت |
| فَتَحَ | فَعَلَ | اِنْفَتَحَ | اِنْفَعَلَ | فا، عىن، ۋەلام | ا، ن |
| زَلْزَلَ | فَعْلَلَ | تَزَلْزَلَ | تَفَعْلَلَ | فا، عىن، ئىككى لام | ت |
| زَلْزَلَ | فَعْلَلَ | تَزَلْزُلٌ | تَفَعْلُلٌ | فا، عىن، ئىككى لام | ت |
| جَحْمَرِشٌ | فَعْلَلِلٌ | ئەسلى ھەرپى بەش بولغان ئىسىم بوق | | فا، عىن، ئۈچ لام | |

ئەگەر اصل الكلمة دە تاۋۇش تەكرارلاش ھادىسىسى كۆرۈلسە، بۇ خىل ھادىسە ۋەزنىدە ھەم كۆرۈلىدۇ. يەنى اصل الكلمة دە تەكرارلانغان ھەرپنىڭ باراۋەرىدىكى ھەرپ تەكرارلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| عَلَّمَ | يُقَدِّمُ | كَوَّنَ |
| فَعَّلَ | يُفَعِّلُ | فَعَّلَ |

ئەگەر مەلۇم بىر كلمة نىڭ ئەسلى ھەرپىدىن بىرەرسى مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن چۈشۈپ قالسا ياكى ئورنى ئالماشسا، ۋەزنىدىمۇ شۇنىڭ باراۋەرىدىكى ھەرپ چۈشۈپ قالىدۇ ياكى ئورنى ئالمىشىدۇ. مەسىلەن:

| اَصْلُ الْكَلِمَةِ<br>سۆز يىلتىزى | اَلْوَزْنُ<br>ۋەزنى | شَكْلُ الْمُعَلَّلِ<br>ئۆزگەرگەن<br>شەكلى | اَلْوَزْنُ<br>ۋەزنى |
|---|---|---|---|
| قَوَلَ | فَعَلَ | قُلْ | فُ ...لْ |
| أَكَلَ | فَعَلَ | كُلْ | ....عُلْ |
| اَقْوَمَ | اَفْعَلَ | أَقِمْ | اَفِ ...لْ |
| اَحَدُ | فَعَلُ | حَادِيْ | عَالِفُ |

## 4. كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەر بىر پېئىلنىڭ ۋەزنىنى كەلتۈرۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تَقَدَّمَ | سَامَحَ | تَخَلَّصَ |
| اِسْتَغْفَرَ | اِعْتَبَرَ | اِقْتَرَبَ |
| تَقَاتَلَ | تَطَهَّرَ | اِحْمَرَّ |
| جَلَسَ | يَجْلِسُ | اِجْلِسْ |
| سَجَدَ | يَسْجُدُ | أُسْجُدْ |

شَرِبَ　　　يَشْرَبُ　　　اِشْرَبْ

## 5- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلى ھەرپىنى ۋە ئارتۇق ھەرپىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| دَاخِلِيَّةٌ | خَارِجِيَّةٌ | قَدَّمَ |
| تَرَاجَعَ | سَلَّمَ | مُعَلِّمٌ |
| مُدَرِّسٌ | عَالِمٌ | مَدْرَسَةٌ |
| تَدَارَسَ | مُتَعَلِّمٌ | مُتَطَهِّرٌ |
| طَاهِرٌ | مَسْجِدٌ | مَكْتُوبٌ |
| مَشْرَبٌ | مَجْلِسٌ | صِنَاعَةٌ |
| صَانِعٌ | زِرَاعَةٌ | شَفَاعَةٌ |
| مَاهِرٌ | جَاهِلٌ | حَاضِرٌ |
| تَجَاهَلَ | اِسْتَحْضَرَ | مُتَقَدِّمُونَ |
| مُتَجَهِّلٌ | جَمَاعَةٌ | مُسَافِرٌ |
| جَمْعِيَّةٌ | يَتَطَلَّبُ | يَتَحَمَّلُونَ |

## 6- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن ھەر بىر پېئىلنىڭ ئەسلىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.

1) اِسْتَمَعَ خَالِدٌ اِلَي نَشْرَةِالْاَخْبَارِ.
2) اِنْتَشَرَالْخَبَرُ مِنَ التِّلِيفِزْيُونِ.
3) عُمَرُ يَغْتَسِلُ كُلَّ يَوْمِ الْجُمُعَةِ.
4) اَنْزَلَ مُحَمَّدٌ الطِّفْلَ مِنَ السَّيَّارَةِ.
5) اَحْمَدُ يَتَفَكَّرُ كَثِيْرًا فِي السُّؤَالِ ثُمَّ يَقُولُ جَوَابَهُ.
6) اِعْتَرَفَ الرَّجُلَانِ خَطَأَ هُمَا بَعْدَ اَنْ تَجَادَلَا وَانْشَرَحَ

صُدُورُهُمَا وَسَامَحَ كُلٌّ لِلْآخَرِ.

7) اِقْتَرَبَ وَقْتُ السَّفَرِ.

8) فِي الْعَامِ الْمَاضِي تَزَلْزَلَ الْأَرْضُ زِلْزَالاً شَدِيْدًا فِي مُحَافَظَةِ فَيْضِ آبَاذْ.

## 7- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ۋەزىنلەرنى جۈملىدىكى مۇناسىپ پېئىللارغا قو-يۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| فَعَلَ | فَاعَلَ | اِفْتَعَلَ |
| فَاعَلَ | اِسْتَفْعَلَ | اِفْتَعَلَ |
| فَاعَلَ | اِسْتَفْعَلَ | فَعِلَ |

1) رَضَعَ الطِّفْلُ لَبَنَ أُمِّهِ.

2) عَالَجَ الطَّبِيْبُ الْمَرِيْضَ فِي الْمُسْتَشْفَي.

3) نَزَلَ الْمُسَافِرُ فِي الْفُنْدُقِ.

4) أَلْتَحَقَ بَكْرٌ بِالْجَامِعَةِ.

5) استعد الطلاب للامتحان.

6) اِسْتَغْفَرَ الْعِبَادُ رَبَّهُمْ.

7) رَافَقَ أَبُوبَكْرٍ مُحَمَّدًا عَلَيْهِ السَّلام فِي هِجْرَتِهِ.

8) سَافَرَ الْمُسَافِرُونَ مِنَ الْفُنْدُقِ.

9) اِنْتَصَرَ الْمُؤْمِنُونَ فِي بَدْرٍ عَلَيَّ الْمُشْرِكِيْنَ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| شَكَرَ | رەھمەت ئېيتتى | دَحْرَجَ | دومىلاتتى |
| جَخْمَرِشٌ | هازازۇل خوتۇن | أَفْتَحَ | ئاچقۇزدى |

| | |
|---|---|
| فَاتِحٌ | ئاچقۇچى |
| اِسْتَفْتَحَ | ئېچىشنى ئۆتۈندى |
| زَلْزَلَ | تەۋرىدى |
| عَلَّمَ | ئۆگەتتى |
| قَدَّمَ | تەقدىم قىلدى |
| تَقَدَّمَ | ئىلگىرلىدى |
| تَخَلَّصَ | قۇتۇلدى |
| اِقْتَرَبَ | يېقىنلاشتى |
| تَطَهَّرَ | پاكلاندى |
| جَلَسَ | ئولتۇردى |
| شَرِبَ | ئىچتى |
| خَارِجِيَّةٌ | تاشقى |
| تَدَارَسَ | ئۆگىنىشتى |
| طَاهِرٌ | پاك |
| اِسْتَمَعَ | قۇلاق سالدى |
| نَشَرَ | تارىدى |
| اِنْتَشَرَ | تارقالدى |
| طِفْلٌ | كىچىك بالا |
| كَثِيْرٌ | كۆپ |
| اِعْتَرَفَ | ئېتىراپ قىلدى |

| | |
|---|---|
| مَفْتُوحٌ | ئوچۇق |
| اِنْفَتَحَ | ئېچىلدى |
| تَزَلْزَلَ | بەك تەۋرىدى |
| كَوَّنَ | بارلىققا كەلتۈردى |
| أَكَلَ | يېدى |
| سَامَحَ | كەڭ قوللۇق قىل- دى |
| إِعْتَبَرَ | ئېتىبارغا ئالدى |
| تَقَاتَلَ | ئۇرۇشتى |
| اِحْمَرَّ | قىزاردى |
| سَجَدَ | سەجدە قىلدى |
| دَاخِلِيَّةٌ | ئىچكى |
| تَرَاجَعَ | يېنىۋالدى |
| مُتَعَلِّمٌ | ئۆگەنگۈچى |
| مُتَجَهِّلٌ | بىلمەس بولىۋالغۇچى |
| مُتَقَدِّمُونَ | ئىلگىرىلىگۈچى |
| اَخْبَارٌ | خەۋەرلەر |
| يَغْتَسِلُ | يۇيۇنىدۇ |
| يَتَفَكَّرُ | تەپەككۇر قىلىدۇ |
| يَقُولُ | ئېيتىدۇ |
| تَجَادَلَ | جېدەللەشتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| انْشَرَحَ | ئېچىلدى | اقْتَرَبَ | يېقىنلاشتى |
| عَامٌ | يىل | شَدِيْدٌ | قاتتىق |
| مُحَافَظَةٌ | ناھىيە | سَلَّمَ | سالام قىلدى |

## § 4. تَقْسِيْمُ الْكَلِمَاتِ اِلَي صَحِيْحٍ وَمُعْتَلٍّ
## سۆزلەرنىڭ «ساق» ۋە «كېسەل» گە بۆلۈنۈشى

ئىسىم ۋە پېئىللار ئۆز تەركىبىدە صَحِيْح ۋە عِلة ھەرپلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ صحيح (ساق) ۋە معتل (كېسەل) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

### 1. صَحِيْحٌ

صحيح، ئۆز تەركىبىدە «ا، و، ي» دىن ئىبارەت كېسەل ھەرپ بولمىغان كلمەلەردۇر.

صَحِيْح كلمە لەر: سَالِمٌ (ساغلام)، مُضَاعَفٌ (ھەمسىلەنگەن)، مَهْمُوزٌ (ھەمزىلىك) دەپ ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

1) سَالِمٌ، «فاء، عين، لام» نىڭ باراۋىرىدىكى حرف اصلى تەركىبىدە حرف علة، همزة ۋە تَضعيف يەنى تاۋۇش تەكرارلاش ھادىسىسى كۆرۈلمىگەن كلمەلەردۇر.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| فَعْلٌ | فَعَلَ |
| فَتْحٌ | فَتَحَ |
| ضَرْبٌ | ضَرَبَ |

2) مُضَاعَفٌ حرف اصلى تەركىبىدە تاۋۇش تەكرارلاش ھادىسىسى كۆرۈلگەن كلمەلەردۇر.

مەسلەن:

جَدَّ　　حَبَّ　　فَرَّ

مُضَاعَفْ: مُضَاعَفْ ثُلَاثِيْ (ئۈچ ھەرپلىك مضاعف)

مُضَاعَفْ رُبَاعِيْ (تۆت ھەرپلىك مضاعف) دەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ.

(أ) مضاعف ثلاثى ـ «عين» بىلەن «لام» نىڭ باراۋىرىدە بىر ھەرپ تەكرارلانغان كلمة دۇر.

| فَعَلَ | فَعْلٌ | مەسلەن: |
|---|---|---|
| فَرَرَ | فَرْرٌ | |

بۇنىڭ ادغام يەنى (ئاسسىمىلياتسىيە) لەنگەن شەكلى فَرٌّ، فَرَّ دۇر.

(ب) مُضَاعَفْ رُبَاعِيْ ـ «فاء» بىلەن بىرىنچى «لام» نىڭ، «عين» بىلەن ئىككىنچى «لام» نىڭ باراۋىرىدە بىر ھەرپ تەكرارلانغان كلمة دۇر.

| فَعْلَلَ | فَعْلَلٌ | مەسلەن: |
|---|---|---|
| زَلْزَلَ | زَلْزَلٌ | |
| صَرْصَرَ | صَرْصَرٌ | |

3) مَهْمُوز ـ بۇنىڭ «فاء» سى «عين» ۋە ياكى «لام» نىڭ باراۋىرىدە ھەمزە بولغان كلمەلەردۇر.

| فَعِلَ | فَعْلٌ | فَعَلَ | فَعْلٌ | مەسلەن: |
|---|---|---|---|---|
| يَئِسَ | يَأْسٌ | أَخَذَ | أَخْذٌ | |
| | | سَبَأَ | سَبْأٌ | |

## 2. مُعْتَلٌّ

مُعْتَلٌّ - ئۆز تەركىبىدە حرف علة بولغان كلمةلەردۇر:

معتل كلمةلەر.

مِثَالٌ (ئوخشاش)

أَجْوَفٌ (كاۋاك)

نَاقِصٌ (كەمتۈك)

لَفِيفٌ (چىرماشقان)

مُلْتَوِيْ (يۆگەشكەن) دىن ئىبارەت بەش قىسىم بولىدۇ.

1) مِثَالٌ «فاء» باراۋىرىدە حرف علة بولغان كلمةلەردۇر.

مەسلەن: فَعْلٌ — فَعَلَ

وَعْدٌ — وَعَدَ

2) أَجْوَفٌ «عين» باراۋىرىدە حرف علة بولغان كلمةلەردۇر.

مەسلەن: فَعْلٌ — فَعَلَ

قَوْلٌ — قَوَلَ

3) نَاقِصٌ «لام» باراۋىرىدە حرف علة بولغان كلمةلەردۇر.

مەسلەن: فَعْلٌ — فَعَلَ

رَمْيٌ — رَمَيَ

4) لَفِيفٌ «عين» ۋە «لام» نىڭ باراۋىرىدە حرف علة بولغان كلمة لەردۇر. بۇ لَفِيفٌ مَقْرُونٌ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەسلەن: فَعْلَ — فَعِلَ

قَوْيٌ — قَوِيَ

5) مُلْتَوِي «فاء» ۋە «لام» باراۋىرىدە حرفعلة بولغان كلمة-

لەردۇر. بۇ خىل كەلىمە لەر «لَفِيْفُ مَفْرُوقٌ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: فَعْلٌ فَعَلَ

وَشْيٌ وَشَيَ

پېئىللارنىڭ يۇقىرىقىدەك صَحِيْح ۋە مُعْتَل گە ئايرىلىش ها-

دىسىسى علم الصرف دە پېئىللارنىڭ «اَقْسَامْ» لىرى يەنى تەقسىم

قىلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 8- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سۆزلەردىن صحيح ۋە معتل نىڭ ھەربىر قىسىم-

لىرىنى كۆرسىتىڭ.

-1-

| | | | |
|---|---|---|---|
| كَتَبَ | فَتَحَ | جَبَلُ | فَرَسَ |
| دَحْرَجَ | قَالَ | عَلِمَ | دَحْرَجٌ |
| قَرُبَ | وَثَبَ | أُمَرَ | كَلَّ |
| هَزَأَ | أَنِقَ | جَوْرٌ | بَقِيَ |
| حَضَّ | شَرِبَ | جَرْيُ | جَوْعٌ |
| بَيْعٌ | بَنِيَ | وَشْيٌ | أَكَلَ |
| سَأَلَ | قَدِمَ | رَجَعَ | جَلَسَ |

-2-

تۆۋەندىكى ئىبارىلەردىن صحيح ۋە معتل نى كۆرسىتىڭ.

خَرَجَ مُحَمَّدٌ مِنَ الْمَدْرَسَةِ فِي السَّاعَةِ الثَّالِثَةِ بَعْدَ الظُّهْرِ وَذَهَبَ اِلَيْ مَكَانٍ يَقِفُ فِيْهَا الْبَاصُ وَقَفَ الْبَاصُ فِي الْمَحَطَّةِ. فَتَحَ السَّائِقُ بَابَ الْبَاصِ. رَكِبَ مُحَمَّدُ الباصَ ثُمَّ جَلَسَ عَلَيْ كُرْسِيّ وَ وَضَعَ حَقِيْبَتَهُ أَمَامَهُ فَقَرَأَ مِنَ الْكِتَابِ بَعْضَ الْقِصَصِ. سَارَالباصُ سَيْرًا سَرِيْعًا بعد

لَحْظَةٍ وَصَلَ اِلَي الْمَنْزِلِ نَزَلَ مُحَمد مِنَ الْبَاصِ، وَ عَادَ اِلَي الْبَيْتِ مَسْرُوْرًا وَلَقِيَ فِي الطَّرِيْقِ بَعْضَ الْجِيْرَانِ وَسَلَّمَ عَلَيْهِمْ بِبَشَاشَةٍ.

-3-

جۈملىدە ئاستى سىزىلغان پېئىللارنىڭ صحيح ۋە معتل لىرنى كۆرستىڭ.

1) قَالَ عَبْدُالرَّحْمٰنِ: اَيْنَ يَسْكُنُ عُثْمَانُ.
2) عَلِمَ مُحَمَّدُ بِمَوْعِدِ الرِّحْلَةِ.
3) وَعَدَ اللّٰهُ الْمُؤْمِنِيْنَ بِالنَّصْرِ.
4) طَرَقَ عَبْدُاللّٰه الْبَابَ فَاَذِنَ لَهُ الْحَارِسُ بِالدُّخُولِ.
5) رَوَي ابُو هُرَيْرَةَ اَحَادِيْث كثيرةً عَنِ النَّبِيِّ صَلَّي اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَثَبَ | سەكرىدى | أَمَرَ | بۇيرىدى |
| كَلَّ | جاپا چەكتى | هَزَأَ | مەسخىرە قىلدى |
| اَنِقَ | خوش بولدى | جَوَرٌ | جاپا، زۇلۇم |
| بَقِيَ | قالدى | حَضَّ | تەرغىپ قىلدى |
| جَرْيٌ | يۈگۈرۈش | جَوْعٌ | قورساق ئېچىش |
| بَيْعٌ | سېتىش | بَنَي | قۇردى |
| وَشْيٌ | سۆز يەتكۈزمەك | وَقَي | ساقلىدى |
| سَأَلَ | سورىدى | بَعْدُ | كېيىن |
| ظُهْرٌ | چۈش | ذَهَبَ | كەتتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَقَفَ | تۇردى | بَاصٌ | ئاپتوبۇس |
| مَحَطَّةٌ | بېكەت | سَائِقٌ | شوپۇر |
| بَابٌ | ئىشىك | رَكِبَ | مىندى، چىقتى |
| وَضَعَ | قويدى | أَمَامَ | ئالدىدا |
| قِصَصٌ | ھېكايىلەر | سَارَ | ماڭدى |
| سَرِيْعٌ | تېز | لَحْظَةٌ | بىر ئاز، بىردەم |
| وَصَلَ | يېتىپ كەلدى | عَادَ | قايتتى |
| مَسْرُوْرٌ | خۇشال | لَقِيَ | ئۇچراشتى |
| طَرِيْقٌ | يول | جِيْرَانٌ | قوشنىلار |

# اَلْبَابُ الثَّانِي خَصَائِصُ الْاِسْمِ مِنْ حَيْثُ قَوَاعِدِ الصَّرْفِ

# ئىككىنچى باب ئىسىمنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى

مەلۇمكى، ئىسىم زاماندىن خالىي بولغان ھالدا مۇستەقىل مەنەنى ئىپادىلەيدىغان ۋە جۈملىنىڭ ئاساسىي بۆلىكى بولالايدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. ئۇ عِلْمُ صَرْف (مورفولوگىيە) جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1 - ئىسىملار ئاخىرى صَحِيح ۋە ياكى مُعْتَل دەپ ئايرىلىدۇ.

2- ئىسىملار مُذَكَّرْ ۋە مُؤَنَّثْ تۈردىكى ئىسىملار دەپ ئايرىلىدۇ.

3 - ئىسىملار سان جەھەتتىن مُفْرَدْ، مُثَنّي، جَمْعُ دەپ ئايرىلىدۇ.

4 - ئىسىملار مَعْرِفَةْ ۋە نَكِرَةْ دەپ ئايرىلىدۇ.

5 - ئىسىملار ئاخىرىغا تەشدىدلىك «ياء» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن نىسبىي سۈپەتنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

6 - ئىسىملار مەلۇم ۋەزىنلەر ئارقىلىق كىچىكلىتىش ۋە ئەركىلىتىش مەنەلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

7 - ئىسىملار كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە ۋە ياسىلىشىغا قاراپ اسم جامد ۋە اسم مشتق دەپ ئايرىلىدۇ.

8 - اِسْمٌ مَصْدَرْ، اِسمُ مُشتَقّ ۋە فِعْلُ مُشتَقّ لەرنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

## 1 §. تَقْسِيمُ اَلْاِسْمِ مِنْ حَيْثُ كَوْنِهِ مُعْتَلَّ اَلْآخِرِ وَصَحِيْحَ الآخِرِ

## ئىسىمنىڭ ئاخىرى كېسەل ۋە ساق بولۇش جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

ئىسىملار ئاخىرىدا حرف علة يەنى كېسەل ھەرپنىڭ بولۇش بولماسلىقىغا قاراپ مُعْتَلُّالآخِرِ (ئاخىرى كېسەل) ۋە صَحِيْحُ الآخِرِ (ئاخىرى ساق) دەپ ئايرىلىدۇ.

### 1. اَلْاِسْمُ الْمُعْتَلُّ الآخِرِ

بۇ تۈردىكى ئىسىملار اَلْاِسْمُ الْمَقْصُوْرُ (قىسقارتىلما ئىسىم)، الاِسْمُ الْمَنْقُوْصُ (كەمتۈك ئىسىم)، الاِسْمُ الْمَمْدُوْدُ (سوزۇلما ئىسىم) دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1) اَلْاِسْمُ الْمَقْصُوْرُ: الاسم المقصور- ئاخىرىدا ئىنچىل «ي» شەكىللىك «الف» بولغان ئىسىمدۇر. گەرچە بۇ «الف» «ي» شەكىلدە يېزىلسىمۇ داۋاملىق «الف» تەلەپپۇز قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا بۇ «ي» «الف مقصورة» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: اَلْهُدٰى، اَلذِّكْرٰى، اَلْمُصْطَفٰى.

2) اَلْاِسْمُ الْمَنْقُوْصُ: الاسْمُ الْمَنْقُوْصُ-ئاخىرىدا ئىنچىل «ي» بولغان ئىسىمدۇر. بۇ خىل «ي» نىڭ ئالدى دائىم كَسْرَة لىك (زىر) لىق بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ «ي» اصل الكلمة دىكى «ي» بولۇپ ھەرقانداق جايدا اصل الكلمة دىن ئايرىلمايدۇ.

مەسىلەن:

اَلْهَادِي      اَلرَّامِي      اَلْمَبَانِي

3) الاسْمُالمَمْدُوْدُ: الاسم المدود ئاخىرىدا «اَلِف» ۋە «هَمْزَة»

بىرگە كەلگەن ئىسىمدۇر.

مەسىلەن:

اِبْتِدَاءٌ سَمَاءٌ اِنْشَاءٌ

## 2 . اَلْاِسْمُ الصَّحِيْحُ الاَخِر

مَقْصُور، مَنْقُوص، مَمْدُود بولمىغان ئىسىملار ئاخىرى ساق ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

جَمَلٌ شَعْبٌ كِتَابٌ

## 1ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن معتل ۋە صحيح ئىسىمنى كۆرسىتىڭ.

1. جَلَسَ الْجَانِي أَمَامَ الْقَاضِي.
2. مَنْ طَلَبَ الْعُلي سَهِرَ اللَّيَالِي.
3. اِسْتَمَعَ الْمُحَامِي كَلَامَ الْبَاغِي.
4. بِالرَّاعِي تَصْلُحُ الرَّعِيَّةُ.
5. خَرَجَ الفَتيٰ مِنَ الْمُسْتَشْفيٰ.
6. فِي الصَّبَاحِ يَسْقُطُ النَّديٰ عَليٰ الأَزْهَارِ.
7. الاقتِصَادُ سَبِيْلُ الْغِنيٰ.
8. الرَّجُلُ القَاسِي مَكرُوهٌ.
9. الغَرَضُ السَّامِي مِنَ الْحَيَاةِ اَنْ تَعِيْشَ سَعِيْدًا.
10. يَصْعُبُ السَّفَرُ فِي الصَّحَارِيٰ.
11. أَخْفَضُ بُحَيْرَةٍ فِي الْعَالَمِ فِي وَادِي طُرْفَانْ وَهِيَ اَيْدِنِغْ كول.
12. هذاالشيخُ يَتَّكِيُ عَليٰ العَصَا.
13. لَيَالِي الشِتَاءِ طَوِيْلٌ. الحِمْيَةُ نَافِعَةٌ لِلْمَرْضيٰ.

14. فِي اَوَانِ الاَخِيْرَةِ قَلَّ النَّبَاتَاتُ الخَضْرَاءُ فِي صَحْرَاءِ طَارِمْ.
15. الكُتَّابُ والاُدَبَاءُ هُمْ لِسَانُ الشَّعْبِ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَلْهُدٰي | توغرا يول | اَلذِّكْرٰي | ئەسكە سېلىش |
| اَلْهَادِي | يېتەكچى | اَلدَّاعِي | چاقىرغۇچى |
| اَلْمَبَانِي | ئىمارەتلەر | اِبْتِدَاءٌ | باشلاش |
| سَمَاءٌ | ئاسمان | اِنْشَاءٌ | پەيدا قىلىش |
| لِسَانٌ | تىل | شَعْبٌ | خەلق |
| كُتَّابٌ | يازغۇچىلار | جَانِي | جىنايەتچى |
| قَاضِي | سوتچى | اَمَامَ | ئالدىدا |
| مَحَامِي | ئادۋوكات | بَاغِي | قاراقچى |
| كَلَامٌ | سۆزلەر | فَتِيٌ | ياش |
| مُسْتَشْفِيٌ | دوختۇرخانا | الاقْتِصَادُ | تېجەش |
| سَبِيْلٌ | يول | اَلْغِنِيٌ | بايلىق |
| غَرَضٌ | غەرەز، مەقسەت | سَامِي | يۈكسەك |
| أَنْ تَعِيْشَ | ياشىمىغىڭ | سَعِيْدٌ | بەختلىك |
| اَخْفَضُ | ئەڭ تۆۋەن | بُحَيْرَةٌ | كۆل |
| عَالَمٌ | دۇنيا | وَادِي | ۋادى، جىلغا |
| هِيَ مؤنث | ئۇچۇن؛ ئۇ | نَافِعَةٌ | پايدىلىق مەنپەئەتلىرى |
| لَيْلٌ ج لَيَالِي | كېچە، كېچىلەر | شِتَاءٌ | قىش |
| طَوِيْلٌ | ئۇزۇن | قَلَّ | ئازىيىپ كەتتى |
| خضراءُ | يېشىل | صَحْرَاءُ | چۆللۈك، سەھرا |
| اُدَبَاءٌ | ئەدىبلەر | حِمْيَةٌ | ساقلىنىش |
| يَصْعُبُ | قىيىن بولىدۇ | قَاصِي | رەھىمسىز |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مَكْرُوهٌ | يىرگىنىشلىك | يَسْقُطُ | چۈشىدۇ |
| نَدِيَ | شەبنەم | عَلِيٌ | يۈكسەكلىك |
| سَهَرَ | بىدار بولدى | رَعِيَّةٌ | پۇقرا |

## § 2. تَقْسِيمُ الْاِسْمِ مِنْ حَيْثُ نَوْعِهِ

## ئىسىمنىڭ جىنس تۈرى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

ئىسىملار جىنسى تۈرىگە قاراپ اَلْاِسْمُ الْمُذَكَّرُ (ئەركەك جىنس) تۈرىدىكى ۋە اَلْاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ (ئاياللىق جىنس) تۈرىدىكى ئىسىملار دەپ ئايرىلىدۇ.

### 1. اَلْاِسْمُ الْمُذَكَّرُ

بۇ ئىسىم سۆز شەكلى، مەنىسى، قوللىنىش ئادىتى جەھەتتىن اَلْمُذَكَّرُ الْحَقِيقِيُّ (ھەقىقىي ئەرلىك جىنس) تۈرىدىكى ئىسىملار ۋە اَلْمُذَكَّرُ الْمَجَازِيُّ (مەجازىي ئەرلىك جىنس) تۈرىدىكى ئىسىملار دەپ ئايرىلىدۇ.

#### 1) اَلْاِسْمُ الْمُذَكَّرُ الْحَقِيقِيُّ

الاِسْمُ المذكرُ الحقيقيُ ـ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردۇر.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| مُحَمَّدٌ | أَحْمَدُ | أَبٌ | جَدٌّ |
| حِصَانٌ | أَسَدٌ | طَالِبٌ | مُهَنْدِسٌ |

#### 2) اَلْاِسْمُ الْمُذَكَّرُ الْمَجَازِيُّ

الاسمُ المذكرُ المَجَازِيُ ـ مذكر حقيقي نىڭ ئەكسىچە ئۆز جىنس-

سى تۈرىدىن چىشىسى بولمىغان، قوللىنىش ئادىتى ۋە سۆز شەكلى جەھەتتىن مذكرحقيقي غا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملار-دۇر.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| قَلَمٌ | كِتَابٌ | سَيْفٌ |
| مِصْبَاحٌ | خَيْطٌ | اَلْعِرَاقُ |

الاسْمُ المُذَكَّرُ ، ئىسىملارنىڭ جىنس تۈر كاتېگورىيىسىدىكى ئاساسىي ئىسىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىمدا الاسْمُ المؤنّث گە ئوخشاش بەلگە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الاسم المؤنث كاتېگورىيىسىگە كىرمىگەن ئىسىملا بولىدىكەن، الاسم المذكر بولىۋېرىدۇ.

## 2. اَلْاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ

الاسم المؤنث-سۆز شەكلى، مەنىسى، قوللىنىش ئادىتى جەھەتتىن، المؤنثُ الحَقِيقيّ (ھەقىقىي ئاياللىق جىنس) تۈرى ۋە المؤنثُ المَجازيُّ (مەجازىي ئاياللىق جىنس) تۈرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مونث ئىسىمنىڭ ئۈچ خىل بەلگىسى بولىدۇ. بۇلار عَلَامَاتُ التَّأْنِيْثِ يەنى ئاياللىق جىنس تۈرىدىكى ئىسىملارنىڭ بەلگىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1) اَلْاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ الْحَقِيْقِيُّ

الاسم المؤنث الحقيقى - ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ چىشىلىرىنى بىلدۈرىدىغان يەنى ئۆز تۈرىدىن ئەركەك جۈپى بولغان ئىسىملار-دۇر.

مەسىلەن:

أُمٌّ        اَمَةٌ        اِمْرَأَةٌ        جَدَّةٌ        بَقَرَةٌ

دَجَاجَةٌ        بِنْتٌ        فَتَاةٌ        أَسْمَاءُ        لَيْلَى

### 2) اَلْاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ الْمَجَازِيُّ

اَلْاِسْمُ الْمُؤَنَّثُ الْمَجَازِي مەنە جەھەتتىن جىنس ئالاھىدىلىكى بولمىغان، شەكىل جەھەتتە مۆئەننەس ئىسىملارغا تەئەللۇق جىنس ئالاھىدىلىكى بولغان، جۈملىدە ئاياللىق جىنس تۈرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان ئىسىملاردۇر.

مەسىلەن:

حَدِيقَةٌ        مَدْرَسَةٌ        حُجْرَةٌ        صُورَةٌ

صَحْرَاءُ        خَضْرَاءُ        صُغْرَى        كُبْرَى

### 3) عَلَامَاتُ التَّأْنِيثِ (مۆئەننەس نىڭ بەلگىلىرى)

مۆئەننەس ئىسىمنىڭ «تَاءُ التَّأْنِيثِ، اَلِفُ التَّأْنِيثِ الْمَقْصُورَةِ، اَلِفُ التَّأْنِيثِ الْمَمْدُودَةِ» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بەلگىسى بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بەلگىنىڭ بىرەرسى مەلۇم بىر ئىسىمدا تېپىلسا، شۇ ئىسىم مۆئەننەس ئىسىم ھېسابلىنىدۇ.

(أ) تَاءُ التَّأْنِيثِ (مۆئەننەس گە ئايلاندۇرۇش «تاء» سى)

تاء التأنيث ئارقىلىق مۆئەننەس گە ئايلاندۇرۇلغان ئىسىملار جۈملە تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بۇ «تاء ـ ة» بەزى مۆئەننەس ئىسىملارنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىدا ئەسلىدىنلا بولىدۇ. مەسىلەن:

خَدِيجَةٌ        حَدِيقَةٌ        فَائِدَةٌ        دَوْلَةٌ

-سۇپەتلەرگە مۆئنث ياكى مذكر نى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلـ
دۇ. مەسىلەن:

جَمِيْلٌ - جَمِيْلَةٌ | مُدَرِّسٌ - مُدَرِّسَةٌ
قَائِمٌ - قَائِمَةٌ | فَاتِحٌ - فَاتِحَةٌ

ئەمما «فَعُولٌ» ۋە «فَعِيْلٌ» ۋەزىنىدىكى سۇپەتلەرگە قويۇلمايدۇ.
مەسىلەن:
رَجُلٌ صَبُورٌ، اِمْرَأَةٌ صَبُورٌ.
رَجُلٌ جَرِيْحٌ، اِمْرَأَةٌ جَرِيْحٌ.
-بۇ «تاء» «مۆئنث»كە خاس سۇپەتلەرگە ھەم قويۇلمايدۇ.
مەسىلەن:
اِمْرَأَةٌ حَامِلٌ، اِمْرَأَةٌ مُرْضِعٌ
- بۇ «تاء» بەزىدە سۇپەت خاراكتېرى بولمىغان ئىسىملارغىـ
مۇ قوشۇلۇپ قالىدۇ.
مەسىلەن:
إِنْسَانٌ — اِنْسَانَةٌ اِبْنٌ — اِبْنَةٌ.
(ب) اَلِفُ التَّأْنِيْثِ الْمَقْصُورَةِ (مۆئنث كە ئايلاندۇرىدىغان قىسقا ئەلف)
اَلِفْ مَقْصُورَة تۆۋەندىكى ھالەتلەردە مۆئنث نىڭ بەلگىسى بولۇپ كېلىدۇ.
- مذكر شەكلى «فَعْلَانُ» ۋەزىنىدە بولغان سۇپەتلەرنىڭ مۆئنث شەكلى «فَعْلَيٰ» ۋەزىنىدە چىقسا، بۇ ۋەزىندىكى سۆزلەر مۆئنث ھېسابلىنىدۇ.
مەسىلەن: عَطْشَانُ - عَطْشَىٰ جَوْعَانُ - جَوْعَىٰ
- مذكر شەكلى «اَفْعَلُ» ۋەزىنىدە بولغان اِسْمُ تَفْضِيْلِ نىڭ مۆئنث شەكلى

«فُعْلٰي» ۋەزىندە چىقسا، بۇ ۋەزىندىكى سۆزلەر مۆئەننەس ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن:

اَكْبَرُ — كُبْرٰي      اَفْضَلُ — فُضْلٰي      اَعْظَمُ — عُظْمٰي

— «الف مقصورة» بىلەن ئاياغلاشقان مَصْدَرْيەنى ھەرىكەت ناملىرىمۇ مۆئەننەس ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن:

دَعْوَي      ذِكْرَي      بُشْرٰي      فُتْوَي

— تەبىئىي قۇرۇلمىسى اَلِفْ مَقْصُوْرَةْ بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىم ياكى سۈپەتلەرمۇ مۆئەننەس ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

اُنْثٰى      حُبْلٰي      اَفْعٰي      قُصْوٰي

(ج) اَلِفِ التَّاْنِيْثِ اَلْمَمْدُوْدَةِ (مۆئەننەس گە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇزۇن ئەلفى) الف ممدودة تۆۋەندىكى ھالەتلەردە مۆئەننەسنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

— مذكر شەكلى «اَفْعَلُ» ۋەزىندە بولۇپ، مۆئەننەس شەكلى «الف ممدودة» بىلەن «فَعْلَاءُ» ۋەزىندە كەلگەن سۈپەتلەر.

مەسىلەن:

اَحْمَرُ — حَمْرَاءُ،      اَبْيَضُ — بَيْضَاءُ،

اَصْفَرُ — صَفْرَاءُ،      اَسْوَدُ — سَوْدَاءُ

— تەبىئىي قۇرۇلمىسى الف مَمْدُوْدَة بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىم ۋە سۈپەتلەر.

مەسىلەن:

صَحْرَاءُ      عَاشُوْرَاءُ

ئەگەر الف مَمْدُوْدَة دىكى ھەمزە سۆزنىڭ ئەسلى ھەرپى

بولسا ياكى «وَاو، يَاء» دىن يۆتكەلگەن بولسا ۋە ياكى كۆپلۈكنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلسە، بۇ ھالەتتىكى الف مَمْدُودَة مۆنث نىڭ بەلگىسى بولمايدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اِبْتِدَاءُ | بِنَاءُ | صَفَاءُ |
| شُعَرَاءُ | عُظَمَاءُ | خُلَفَاءُ |

## مۇلاھىزە

بەزىدە «حَمْزَةُ، طَلْحَةُ، مُعَاوِيَةُ، أُسَامَةُ، مُصْطَفَي» دېگەنلەرگە ئوخشاش شەكىل جەھەتتە مۆنث، مەنە جەھەتتە مذكر ئىسىملار ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ شەكلى مۆنث بولغانلىقى ئۈچۈن مۆنث لفظي (شەكلەن ئايالىق جىنس) تۈر دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا، مريم، زينب، سعاد دېگەنلەرگە ئوخشاش مەنە جەھەتتە مۆنث، شەكىل جەھەتتە مذكر ئىسىملارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنداق ئىسىملار مەنە جەھەتتە مۆنث بولغانلىقى ئۈچۈن، مۆنث مَعْنَوِي (مەنە جەھەتتىكى ئايالىق جىنس) تۈر دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ئىسىملاردا كەلگەن مذكر ۋەمۆنث بەلگىسىنى بايان قىلىپ كۆرسىتىڭ.

-1-

| | | | |
|---|---|---|---|
| عَائِشَةُ | غُلَامُ | سَمْرَاءُ | كَاتِبُ |
| مُجْتَهِدُ | سَبُّورَةُ | جَرِيدَةُ | نَجْوِي |
| سَلْوِي | سَامِيَةُ | زَيْنَبُ | مَرْيَمُ |

مُحَافَظَةٌ صَانِعٌ مَنْزِلُ سُعْدِي

-2-

1. لَبِسَتْ زَيْنَبُ الثَوبَ.
2. تَلْعَبُ فَاطِمَةُ مَعَ الزُمَلاءِ.
3. اَرْضَعَتْ شَاةٌ حَمَلاً.
4. اسماءُ مُجْتَهِدَةٌ فِي دُرُسِهَا.
5. رَكِبَتْ سُعَادُ دَرَّاجَةً.
6. حَازَتْ لَيْلِي جَائِزَةً.
7. فِي القَفَصِ دَجَاجَةٌ وَدِيكٌ.
8. سلمى طَالِبَةٌ مُجْتَهِدَةٌ وَذَكِيَّةٌ وَامَّا حَمْزَةُ فَهُوَ طَالِبٌ كَسْلاَنُ وَغَبِيٌّ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| جَدٌّ | چوڭ دادا | حِصَانٌ | ئايغىر |
| اَسَدٌ | شىر | مُهَنْدِسٌ | تېخنىك |
| بَابٌ | ئىشىك | مِصْبَاحٌ | چىراغ |
| خَيْطٌ | يىپ | جَدَّةٌ | چوڭ ئانا |
| بِنْتٌ | قىز | فَتَاةٌ | قىز |
| أَسْمَاءُ | ئىسىم | لَيْلِي | ئىسىم |
| حُجْرَةٌ | هوجرا | صُورَةٌ | رەسىم |
| صُغْرِي | كىچىك | كُبْرِي | چوڭ |
| جَمِيلٌ | چىرايلىق | مُدَرِّسٌ | مۇدەررىس |

| | |
|---|---|
| قَائِمٌ | ئۆرە، تۇرغۇچى |
| جَرِيحٌ | جاراھەتلەنگەن |
| بِنْتٌ | قىز بالا |
| جَوْعَانُ | قورسىقى ئاچ |
| مُرْضِعٌ | ئېمىتكۈچى |
| دَعْوَى | چاقىرىش |
| أُنْثَى | چىشى |
| أَفْعَى | يىلان |
| أَحْمَرُ | قىزىل |
| أَصْفَرُ | سېرىق |
| لَبِسَتْ | كەيدى |
| تَلْعَبُ | ئوينىۋاتىدۇ |
| شَاةٌ | ساغلىق قوي |
| دَرَّاجَةٌ | ۋېلىسىپىت |
| صَبُورٌ | سەۋرىلىك |
| اِبْنٌ | ئوغۇل بالا |
| عَطْشَانُ | ئۇسساپ كەتكەن |
| حامِل | ئىككى قات |
| أَعْظَمُ | بۈيۈك |
| بُشْرَى | بېشارەت بېرىش |
| حُبْلَى | بوغاز |
| قُصْوَى | تۆگە |
| أَبْيَضُ | ئاق |
| أَسْوَدُ | قارا |
| ثَوْبٌ | كىيىم |
| أَرْضَعَتْ | ئېمىتتى |
| حَمَلٌ | پاقلان |
| حَازَتْ | ئېرىشتى |

## 3 § . تَقْسِيمُ الاِسْمِ مِنْ حَيْثُ الْعَدَدِ
## ئىسىمنىڭ سان جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

ئىسىملار مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن اَلْمُفْرَدُ (بىرلىك) ، اَلْمُثَنَّى (ئىككىلىك) ، اَلْجَمْعُ (كۆپلۈك) سانلاردا تۈرلىنىپ كې- لىدۇ.

### 1 . اَلْاِسْمُ الْمُفْرَدُ

الاسمُ المُفْرَدُ - بىرلا كىشى ياكى بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدى- غان ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىگە تۈرلىنەلەيدىغان ئىسىم- دۇر. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| رَجُلٌ | كِتَابٌ | قَلَمٌ |
| دَفْتَرٌ | طَبَقٌ | طَالِبَةٌ |
| مُسْلِمَةٌ | جَنَاحٌ | طَائِرٌ |

### 2 . اَلْاِسْمُ الْمُثَنَّى

اَلْاِسْمُ الْمُثَنَّى - ئىككى كىشى ياكى ئىككى شەيئىنى بىلدۈرى- دىغان ۋە تۈرلىنەلەيدىغان ئىسىمدۇر.

مُفْرَدْ ئىسىمنى مُثَنَّى ئىسىمغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مُفْرَدْ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا رَفْع لىك هالەتتە يەنى باش كېلىشتە «اَلِفْ ، نُونْ = َانِ» ، نَصْبْ، جَرّْ (چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە) «ياء نون = ينِ» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| مُفْرَدُ | حَالَةُالرَّفْعِ | حَالَةُالنَّصْبِ وَالْجَرِّ |
|---|---|---|
| رَجُلٌ: | رَجُلَ +انِ = رَجُلَانِ | رَجُلَ + يْنِ = رَجُلَيْنِ |
| كِتَابٌ: | كِتَابَ +َانِ = كِتَابَانِ | كِتَابَ +يْنِ= كِتَابَيْنِ |

قَلَمٌ: قَلَم + َانِ = قَلَمَانِ    قَلَمَ + يْنِ = قَلَمَيْنِ
دَفْتَرٌ: دَفْتَر + انِ = دَفْتَرَانِ    دَفْتَرَ + يْنِ = دَفْتَرَيْنِ
طَبَقٌ: طَبَق + انِ = طَبَقَانِ    طَبَقَ + يْنِ = طَبَقَيْنِ
طَالِبٌ: طَالِب + َانِ = طَالِبَانِ    طَالِبَ + يْنِ = طَالِبَيْنِ
طَائِرَةٌ: طَائِرَ + تَانِ = طَائِرَتَانِ    طَائِرَ + يْنِ = طَائِرَتَيْنِ
طَائِرٌ: طَائِر + انِ = طَائِرَانِ    طَائِرَ + يْنِ = طَائِرَيْنِ
جَنَاحٌ: جَنَاح + َانِ = جَنَاحَانِ    جَنَاحَ + يْنِ = جَنَاحَيْنِ

## 3. اَلْاِسْمُ الْجَمْعُ

اَلْاِسْمُ الْجَمْعُ بولسا ئۇچتىن يۇقىرى كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. اَلْاِسْمُ الْجَمْعُ، اَلْاِسْمُ الْمُفْرَدْ نىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قوشۇش ياكى سۆزنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. الاسْمُ الْجَمْعُ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىغا قاراپ: جَمْعُ مُذَكَّرٍ سَالِمٍ (بىرلىك شەكلى ساق تۇرغان ئەرلىك كۆپلۈكى)، جَمْعُ مُؤَنَّثٍ سَالِمٍ (بىرلىك شەكلى ساق تۇرغان ئاياللىق كۆپلۈكى)، جَمْعُ تَكْسِيرٍ (بىرلىكنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسى ئۆزگەرگەن كۆپلۈك)، دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

### 1) جَمْعُ مُذَكَّرٍ سَالِمٍ

جمع مذكر سالم ـ مفرد ئىسىمنىڭ ئەسلىدىكى سۆز شەكلىنى بۇزماي، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئىسىمدۇر. يەنى مفرد ئىسىمنى جَمْعُ مذكر سالم غا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مفرد ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا رفْع لىك ھالەتتە «وَاوْ، نُونْ =ون ون»، «نَصْب، جُرّ» لىك ھالەتتە «ياء ،نون = ين ين» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| حَالَةُ النَّصْبِ وَالْجَرِّ | حَالَةُ الرَّفْعِ | مُفْرَدْ |
|---|---|---|

مُسْلِمٌ: مُسْلِم + ُونَ = مُسْلِمُونَ، مُسْلِم + ِيْنَ = مُسْلِمِيْنَ

مَاهِرٌ: مَاهِر + وْنَ = مَاهِرُونَ، مَاهِر+ يِنَ = مَاهِرِيْنَ
كَاتِبٌ: كَاتِب +وْنَ = كَاتِبُونَ ، كَاتِب + يِنَ =كَاتِبِيْنَ
عَابِدٌ: عَابِد+ وْنَ = عَابِدُونَ عَابِدِ+ يْنَ = عَابِدِيْنَ

اِسْمُ اَلْعَلَمِ (خاس ئىسىم) ۋە سۈپەتلەر شەرتلىك هالدا جَمْعُ مُذَكَّر سَالِم شەكلىگە كىرىدۇ. يەنى: اسمُ العلم ۋە سۈپەتلەر جمع مذكر سالم شەكلىگە كىرىش ئۈچۈن ئۇلار مؤنث نىڭ «تاء» سىدىن خالىي بولغان، ئەرلەرنىڭ ئىسمى ياكى سۈپىتى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ: مُحَمَّدُونَ، مُحَمَّدِيْنَ
عَامِرٌ: عَامِرُونَ، عَامِرِينَ
عَاقِلٌ: عَاقِلُونَ، عَاقِلِيْنَ
نَاطِقٌ: نَاطِقُونَ، نَاطِقِيْنَ

شۇنىڭ ئۈچۈن، زَيْنَبُ، سُعَادُ، مَرْيَمُ دېگەنگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى، مُرْضِعُ، حَامِلُ دېگەنگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شَامِخُ، فَسِيْحُ دېگەنگە ئوخشاش ئىنساندىن باشقا نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىرى جمع مذكرسالم نىڭ شەكلىگە كىرىپ تۇرلىنەلمەيدۇ.

## 2) جَمْعُ مُؤَنَّثٍ سَالِمٍ

جمع مونث سالم- جمع مذكر سالم غا ئوخشاش مفرد ئىسىمنىڭ ئەسلىدىكى سۆز شەكلىنى بۇزماي ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئىسىمدۇر. يەنى مفرد ئىسىمنى جمع مؤنث سالم غا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مفرد ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا هەر قانداق هالەتتە «الف تاء = ات» قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ «رَفع» لىك هالىتى «ضَمَّة» بىلەن «نَصْبَ، جَرّ» لىك هالىتى «كَسْرَة» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مفرد ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا «تاء = ة ـة» بولۇپ قالغان تەقدىردە كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا، بۇ «ـة ة»

چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| مُفْرَدْ، | حَالَةُ الرَّفْعِ | حَالَةُ النَّصْبِ وَالْجَرِّ |
| --- | --- | --- |
| زينب: | زينب + ات = زينبات | زينب + ات = مريمات |
| مَرْيَمْ: | مريم + ات = مَرْيَمَاتُ | مريم + ات = مَرْيَمَاتُ |
| مُسْلِمْ: | مسلم + ات = مُسْلِمَاتُ | مسلم + ات = مُسْلِمَاتُ |
| عَالِمَةْ: | عالم + ات = عَالِمَاتُ | عالم + ات = عَالِمَاتُ |
| سَيَّارَةْ: | سَيَّار + اَتٌ = سَيَّارَاتٌ | سيار + ات = سَيَّارَاتُ |

تۆۋەندىكى ئىسىملار كۆپ ھاللاردا جمع مؤنث سالم شەكلىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

- مؤنث بولغان اسم العلم (خاس ئىسىم) ۋە سۈپەتلەر.

مەسىلەن: هِنْدُ — هِنْدَاتُ، حَامِلٌ — حَامِلاَتُ

مُرْضِعٌ — مُرْضِعَاتُ.

- تاءُ التأنيث بىلەن ئاياغلاشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسىملار

مەسىلەن:

خَدِيْجَةُ - خَدِيْجَاتُ

بَدِيْعَةُ - بَدِيْعَاتُ

رِوَايَةُ - رِوَايَاتُ

- ئىنساندىن باشقا نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىرى مەسىلەن:

شَامِخُ — شَامِخَاتُ

شَاهِقٌ — شَاهِقَاتُ

ئەگەر مەلۇم بىر صَحِيْح ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسى يەنى «عين» نىڭ باراۋەرىدىكى ھەرپى ساكىنلىق بولۇپ بىرىنچى ھەرپى فتحة لىك يەنى زەبەرلىك بولسا جمع مؤنث سالم غا ئايلاندۇرغاندا ساكىنلىق ھەرپكە «فتحة» ھەرىكەت بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

رَكْعَةٌ - رَكَعَاتٌ
نَظْرَةٌ - نَظَرَاتٌ
نَشْرَةٌ - نَشَرَاتٌ

ئەمما، بىرىنچى ھەرپى «ضَمَّة» ياكى «كَسْرَة» «زىرلىك» بولسا، ساكىنلىق ھەرپكە «فَتْحَة» ھەرىكەت بېرىلسىمۇ ياكى ئۆز ھالىتىدە قالسىمۇ ۋە ياكى بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگەشتۈرۈلسىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن:

حُجْرَةٌ: حُجَرَاتٌ، حُجْرَاتٌ، حُجُرَاتٌ
خِدْمَةٌ: خِدَمَاتٌ، خِدْمَاتٌ، خِدِمَاتٌ

3) جَمْعُ التَّكْسِيْرِ

جَمْعُ التَّكْسِيْرِ مُفْرَدْ ئىسمىنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئىسمدۇر. بۇ خىل ئۆزگەرتىش مفرد ئىسىمگە ھەرپ قوشۇش ياكى ئەسلى ھەرپنى كېمەيتىش ۋە ياكى ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

رَجُلٌ - رِجَالٌ
قَلْبٌ - قُلُوبٌ
رَسُولٌ - رُسُلٌ
مَدِيْنَةٌ - مُدُنٌ
اَسَدٌ - أُسُدٌ

جَمْعُ التَّكْسِير ئىپادىلىگەن مەنە جەھەتتىن جمع القلة (مىقدارى ئاز - كۆپلۈك) جمع الكثرة (مىقدارى كۆپ كۆپلۈك)، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) جَمْعُ الْقِلَّةِ ئۈچتىن ئونغىچە بولغان مىقداردىكى سانلارنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈكتۇر. بۇنىڭ تۆت وزن يەنى فورمۇلىسى بار.

① «اَفْعُلُ» مەسىلەن: نَفْسٌ ـ اَنْفُسٌ. عَيْنٌ ـ اَعْيُنٌ.
② «اَفْعَالٌ» مەسىلەن: سَيْفٌ ـ اَسْيَافٌ. عِنَبٌ ـ اَعْنَابٌ
③ «اَفْعِلَةٌ» مەسىلەن: رَغِيفٌ ـ اَرْغِفَةٌ. عَمِدٌ ـ اَعْمِدَةٌ.
④ «فِعْلَةٌ» مەسىلەن: فَتىً ـ فِتْيَةٌ. صَبِيٌّ ـ صِبْيَةٌ

(2) جَمْعُ الْكَثْرَةِبۇ ئۈچتىن تارتىپ چەكسىز مىقداردىكى سانلارنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈكدۇر. بۇنىڭ ۋەزىنلىرى ناھايىتى كۆپ. كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكى ۋەزىنلەردۇر.

(أ) ئەرلەرنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغانلىرى بەش ۋەزىندە كېلىدۇ:

① «فَعَلَةٌ» مەسىلەن: طَالِبٌ ـ طَلَبَةٌ. سَاحِرٌ ـ سَحَرَةٌ.
② «فُعَلَاءُ» مەسىلەن: شَرِيفٌ ـ شُرَفَاءُ. كَرِيمٌ ـ كُرَمَاءُ.
③ «فُعَلَةٌ» مەسىلەن: قَاضٍ ـ قُضَاةٌ (ئەسلىسى قُضَيَةٌ). رَامٍ رُمَاةٌ.
④ «فُعَّالٌ» مەسىلەن: كَاتِبٌ ـ كُتَّابٌ. قَارِئٌ ـ قُرَّاءٌ.
⑤ «اَفْعِلَاءُ» مەسىلەن: قَوِيٌّ ـ اَقْوِيَاءُ. غَنِيٌّ ـ اَغْنِيَاءُ.

(ب) مذكر شەكلى «اَفْعَلُ» مؤنث شەكلى «فَعْلَاءُ» ۋەزىندە كەلگەن سۈپەتنىڭ كۆپلۈكى «فُعْلٌ» ۋەزىندىلا كېلىدۇ.

مەسىلەن:

اَحْمَرُ ـ حَمْرَاءُ ـ حُمْرٌ، اَخْضَرُ ـ خَضْرَاءُ ـ خُضْرٌ.
اَصْفَرُ ـ صَفْرَاءُ ـ صُفْرٌ، اَعْمِيُ ـ عَمْيَاءُ ـ عُمِيٌ.
اَبْكَمُ ـ بَكْمَاءُ ـ بُكْمٌ.

(ج) «فَعِيلٌ» ۋەزىندە كېلىپ ئۆلۈم ياكى ئاغرىقنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتنىڭ كۆپلۈكى ھەم بىرلا «فَعْلَي» ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن:

جَرِيحٌ ـ جَرْحيٰ، مَرِيضٌ ـ مَرْضيٰ
اَسِيرٌ ـ اَسْرٰي

(د) «فَعَلٌ» ياكى «فَعْلٌ» ۋەزىنىدىكى ئىسىملارنىڭ كوپلۇكى «فِعَالٌ» ۋە «فُعُولٌ» ۋەزىنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

جَبَلٌ - جِبَالٌ.

جَمَلٌ - جِمَالٌ.

قَلْبٌ - قُلُوبٌ.

شَيْخٌ - شُيُوخٌ.

(ھ) صِيغُ مُنْتَهَى الْجُمُوعِ، (مىقدارى چەككە يەتكەن كۆپلۈك سانلار) مۇ جَمْعُ الكَثْرَة نىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئۈچىنچى ھەرپى «الف» بولۇپ، مەزكۇر «الف» دىن كېيىن ئىككى ياكى ئۈچ ھەرپ كەلگەن ئوتتۇرىسى ساكىنلىق ئىسىمدۇر.

مەسىلەن:

جَوَاهِرُ، مَصَابِيحُ.

صيغة منتهى الجموع تۆۋەندىكى ۋەزىنلەردە كېلىدۇ:

1 - «أَفَاعِلُ» مەسىلەن: أَكَابِرُ، أَفَاضِلُ

2 - «أَفَاعِيلُ» مەسىلەن: أَنَاشِيدُ، أَبَارِيقُ.

3 - «فَعَائِلُ» مەسىلەن: رَسَائِلُ، عَجَائِبُ.

4 - «مَفَاعِلُ» مەسىلەن: مَدَارِسُ، مَسَاجِدُ.

5 - «مَفَاعِيلُ» مەسىلەن: مَفَاتِيحُ، مَصَابِيحُ.

6 - «فَوَاعِلُ» مەسىلەن: جَوَاهِرُ، شَوَارِعُ

7 - «فَعَالِيلُ» مەسىلەن: عَصَافِيرُ، فَوَانِيسُ.

جَمْعُ تَكْسِيرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئون يەتتە ۋەزىنى مونۇ ئۈچ بېيىتكە توپلانغان.

فِي السُّفُنِ الشُّهُبِ الْبُغَاة صُوَرٌ * مَرْضَي الْقُلُوبِ وَالْبِحَارُ عِبَرٌ.

غِلْمَانُهُمْ لِلْأَشْقِيَاءِ عَمَلَة * قُطَّاعِ قُضْبَانٍ لِأَجْلِ الفِيْلَة.

وَالْعُقَلَاءُ شُرَّدٌ وَمُنْتَهِي * جُمُوعُهُمْ فِي السَّبعِ وَالْعَشْرِ انْتَهِي.

سُفُنٌ: كُتُبٌ مُدُنٌ

شُهُبٌ: صُفْرٌ عُرْجٌ

بُغَاةٌ قُضَاةٌ غُزَاةٌ

صُوَرٌ: غُرَفٌ حُجَرٌ

مَرْضَى: جَرْحَى أَسْرَى

قُلُوبٌ: عُقُولٌ صُدُورٌ

بِحَارٌ: جِبَالٌ صِغَارٌ

عِبَرٌ: مِنَحٌ نِعَمٌ

غِلْمَانٌ: صِبْيَانٌ فِتْيَانٌ

أَشْقِيَاءُ: أَذْكِيَاءُ أَصْدِقَاءُ

عَمَلَةٌ: طَلَبَةٌ مَهَرَةٌ

قُطَّاعٌ: حُجَّاجٌ رُكَّابٌ

قُضْبَانٌ: عُمْيَانٌ شُجْعَانٌ

فِيَلَةٌ: قِرَدَةٌ قِرَطَةٌ

عُقَلَاءُ: عُظَمَاءُ شُرَفَاءُ

شُرَّدٌ: رُكَّعٌ سُجَّدٌ

جُمُوعٌ: أُسُودٌ كُسُورٌ

جمع مذكرسالم شەكلىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلغان سۆپەتلەرنى جمع تكسير شەكلىدە ھەم كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

كَاتِبٌ — كَاتِبُونَ ـ كُتَّابٌ.

عَاقِلٌ — عَاقِلُونَ - عُقَلَاءُ.
عَامِلٌ — عَامِلُونَ - عُمَّالٌ.

## 3- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك ئىسىملارنى ئىككىلىك ۋە كۆپلۈكنىڭ تۈرىنى بايان قىلىپ كۆرسىتىڭ.

1. فِي الْحَقِيبَةِ قَلَمٌ وَمِسْطَرَتَانِ وَ عَشْرُ وَرَقَاتٍ وَ كُتُبٌ و دَفَاتِرُ.
2. اِنْتَشَرَ الْخَبَرُ مِنْ جَرِيدَتَيْنِ.
3. لِلسَّيَارَةِ بَابَانِ، وَلِلْبَيْتِ خَمْسَةُ اَبْوَاب.
4. فِي السَّيَارَةِ ثَلَاثُ كَاتِبَاتٍ وَتِسْعَةُ مُعَلِّمِيْنَ.
5. اَلْجَنَاحُ لِلطَائِرِكَالْيَد لِلانْسَانِ، لِلانْسَانِ يَدانِ، لِلطَائِرِ جَنَاحَانِ. يَطِيرُالطَائِرُ بِالْجَنَاحَيْنِ.
6. هٰؤُلاءِ هُمُ الْعَلَمَاءُ الْعَامِلُونَ الصَّالِحُونَ.
7. جَلَسَ الطلاَّبُ أَمَامَ الْمُدَرِّسِ وَاسْتَمَعَ كَلَامَ الْمُدَرِّسِ مُخْلِصِيْنَ.

## 4- كۆنۈكمە

جمع لەرنىڭ تۈرلىرىنى ئايرىپ بېرىڭ.

(1) حَضَرَ الْمُهَنْدِسُ.
(2) حَضَرَ الْمُهَنْدِسَانِ.
(3) حَضَرَتِ الْمُهَنْدِسَاتُ
(4) أقْلَامُ التَلامِيْذِ.
(5) اَلْوَاحُ الْمَدَارِسِ.
(6) صَحَائِفُ الْكُتُبِ وَالْمَجَلاَتِ.
(7) حَضَرَالْمُهَنْدِسُونَ.

(8) أَحْضَرْتُ الْمُهَنْدِسِيْنَ.

(9) أَحْضَرْتُ الْمُهَنْدِسَاتِ.

(10) أَطِبَّاءُ مَاهِرُونَ.

(11) عُيُونَ الْمِيَاهِ.

(12) أَحْضَرَتِ الْمُهَنْدِسَاتُ.

(13) تَعِبَ الْعُمَّالُ.

(14) مَعَادِنُ الْبِلَادِ.

(15) نُجُومَ السَمَوَاتِ.

(16) أَغْصَانُ الْأَشْجَارِ.

(17) أَكْرَمْتُ الْقَادِمَاتِ.

(18) رَضِيْتُ عَنِ الْكَاتِبَاتِ.

(19) سَلَّمَ مُسَافِرٌ عَلَى الْمُسَافِرِينَ.

(20) هٰذِهِ سَيَّارَةُ الْمُسَافِرِيْنَ.

(21) مَشَيْتُ فِي الطُرُقِ

## يەككە سۆزلەر

جَنَاحٌ ج أَجْنِحَةٌ قانات

طَائِرٌ ج طُيُورٌ قۇش

نَاطِقٌ ج نَاطِقُونَ سۆزلىگۈچى

شَامِخٌ ج شَامِخَاتٌ ئېگىز يۇقىرى

فَسِيْحٌ ج فَسِيْحَاتٌ كەڭ بىپايان

شَاهِقٌ ج شَاهِقَاتٌ ھەشەمەتلىك

رَسُولٌ ج رُسُلٌ ئەلچى

مَدِيْنَةٌ ج مُدُنٌ شەھەر

نَفْسٌ ج أَنْفُسٌ روھ، ئۆز

عَيْنٌ ج أَعْيُونٌ كۆز

رَغِيْفٌ ج أَرْغِفَةٌ توقاچ

عَمُدٌ ج أَعْمِدَةٌ تۈۋرۈك

صَبِيٌّ ج صَبِيَّةٌ نارەسىدە

سَاحِرٌ ج سَحَرَةٌ سېھىرگەر

قَاضٍ ج قُضَاةٌ قازى، سوتچى

رَامٍ ج رُمَاةٌ ئوقچى

كَاتِبٌ ج كُتَّابٌ يازغۇچى

قَارِئٌ ج قُرَّاءٌ قارى، ئوقۇغۇچى

شَرِيْفٌ ج شُرَفَاءُ شەرەپلىك

كَرِيْمٌ ج كُرَمَاءُ سەخى

عِنَبٌ ج اَعْنَابٌ ئۈزۈم

غَنِيٌّ ج اَغْنِيَاءُ باي

اَعْمَى ج عُمْيٌ قارىغۇ

اَبْكَمُ ج بُكْمٌ گاچا

أَسِيرٌ ج اَسْرَى ئەسىر

جَمَلٌ ج جِمَالٌ تۆگە

اَكْبَرُ ج اَكَابِرُ چوڭ

اَفْضَلُ ج اَفَاضِلُ ئەۋزەل

اُنْشُودَةٌ ج اَنَاشِيدُ ناخشا

اِبْرِيقٌ ج اَبَارِيقُ ئىبرىق

رِسَالَةٌ ج رَسَائِلُ خەت چەك

عَجِيبٌ ج عَجَائِبُ قىزىقارلىق

مِفْتَاحٌ ج مَفَاتِيحُ ئاچقۇچ

عَقْلٌ ج عُقُولٌ ئەقىل

بَحْرٌ ج بِحَارٌ دېڭىز

مِنْحَةٌ ج مِنَحٌ ياردەم پۇل

نِعْمَةٌ ج نِعَمٌ نېمەت

غُلَامٌ ج غِلْمَانٌ خىزمەتكار

شَقِيٌّ ج اَشْقِيَاءُ شەقى، بەدبەخ

ذَكِيٌّ ج اَذْكِيَاءُ زېرەك

صَدِيقٌ ج اَصْدِقَاءُ دوست

عَامِلٌ ج عَمَلَةٌ ئىشچى

قَاطِعٌ ج قُطَّاعٌ كەسكۈچى

قَوِيٌّ ج اَقْوِيَاءُ كۈچلۈك

مِصْبَاحٌ ج مَصَابِيحُ چىراق

جَوْهَرٌ ج جَوَاهِرُ گۆھەر

شَارِعٌ ج شَوَارِعُ كوچا

عُصْفُورٌ ج عَصَافِيرُ قۇشقاچ

فَانُوسٌ ج فَوَانِيسُ فانۇس

اَعْرَجُ ج عُرْجٌ توكۇر

سَفِينَةٌ ج سُفُنٌ كېمە

شَاهِبٌ ج شُهُبٌ ئاق

بَاغِي ج بُغَاةٌ توپىلاڭچى

رَاعِي ج رُعَاةٌ پادىچى

غُرْفَةٌ ج غُرَفٌ ياتاق

صَدْرٌ ج صُدُورٌ كۆكرەك

قَضِيبٌ ج قُضْبَانٌ شاخ شۇمبا

عَاقِلٌ ج عُقَلَاءُ ئەقىللىق

عَظِيمٌ ج عُظَمَاءُ بۈيۈك، كاتتا

شَارِدٌ ج شُرَّدٌ تارقىلىپ كەتكەن

رَاكِعٌ ج رُكَّعٌ روكۇ قىلغۇچى

سَاجِدٌ ج سُجَّدٌ سەجدە قىلغۇچى

جَمْعٌ ج جُمُوعٌ كۆپچىلىك

اَسَدٌ ج اُسُودٌ شىر

كَسْرٌ ج كُسُورٌ سۇنۇق

حَاجٌّ ج حُجَّاجٌ ھاجى

## 4 § . تَقْسِيمُ اْلاِسْمِ مِنْ حَيْثُ التَّنْكِيرِوَالتَّعْرِيفِ
## ئىسىمنىڭ ئېنىقسىزلىق ۋە ئېنىقلىق جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

ئىسىملار ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنىڭ ئېنىقسىز ياكى ئېنىقلىقىغا قاراپ: الاسْمُ النَّكِـرَةُ (ئېنىقسىز ھالەتتىكى ئىسىم)، اَلْاِسْمُ الْمَعْرِفَةُ (ئېنىق ھالەتتىكى ئىسىم) دەپ ئايرىلىدۇ.

### 1. اَلْاِسْمُ النَكِـرَةُ

الاسْمُ النَكِرَةُ بولسا بىرىگە ئېنىق ۋە مۇئەييەن بولمىغان كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر.

مەسىلەن: رَجُلٌ (نامەلۇم بىر ئەر)، جَبَلٌ (نامەلۇم بىر تاغ).

### 2. اَلْاِسْمُ الْمَعْرِفَةُ

الاسْمُ المَعْرِفَةُ بولسا بۇ بىرىگە ئېنىق ۋە مۇئەييەن بولغان كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن:

اَلرَّجُلُ (ھېلقى ئادەم)، اَلْجَبَلُ (ھېلقى تاغ)

هٰذَا مِفْتَاحٌ (بۇ ئاچقۇچ)، هُوَ تَاجِرٌ (ئۇ سودىگەر)

عُثْمَانُ مُهَنْدِسٌ (ئوسمان ئىنژېنېر)، اَلَّذِي جَاءَ مُدَرِّسٌ (كەلگەن كىشى ئوقۇتقۇچى)

مِفْتَاحُ السَّيَّارَةِ (ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى)، يَا اَسْتَاذُ مَامَعْنَى هٰذَا (ئەي ئۇستاز بۇنىڭ مەنىسى نېمە).

معرفة ئىسىملار يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ.

1. اَلضَّمِيْرُ (ئالماش).

2. اَلْعَلَمُ (خاس ئىسىملار).

3. اَسْمَاءُالاِشَارَةِ (كۆرسىتىش ئالماشلىرى).

4. اَلاِسْمُ الْمَوْصُولُ (نىسبىي ئالماش).

5. اَلْمُعَرَّفُ بِاَلْ (ئېنىقلىقىنى ئىپادىلىگۈچى «ال» بىلەن كېلىپ معرفة بولغان ئىسىم)

6. اَلْمُضَافُ اِلَيْ مَعْرِفَةٍ (معرفة ئىسىمنىڭ باش تەرىپىگە قوشۇلغان نكيرة ئىسىم).

7. اَلْمُعَرَّفُ بِالنِّدَاءِ (چاقىرىش بىلەن معرفة بولغان ئىسىم).

1) اَلضَّمِيْرُ

الضمير بولسا ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىدىغان بىر خىل تۈپ ئىسىم.

ئىسىملار مذكر ۋە «مۇئنث» دەپ ئايرىلغاچقا، ئىسىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ضَمِير لەرمۇ ئىسىملارغا ئوخشاش مذكر ۋە مۇئنث دەپ ئايرىلىپ، ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم قوللىنىلىدۇ ھەم بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك شەكىللەردە كېلىدۇ.

ئەرەب تىلىدا مُتَكَلِّمْ (بىرىنچى شەخس)، مُخَاطَبْ (ئىككىنچى شەخس)، غَائِبْ (ئۈچىنچى شەخس) ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئون ئىككى ضَمِيْربار. بۇلار 12 شەكىل 18 گراماتىكىلىق مەنىدە كېلىدۇ. بەزى

تىلشۇناسلار گرامماتىكىلىق مەنە ۋە شەكلىنى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئېتىد-
بارى بىلەن 14 كە يىغىنچاقلىغان.

## ئالماشلار

| اَلشخص شەخس | اَلْغَائِبُ ئۈچىنچى شەخس | | اَلْمُخَاطَبُ ئىككىنچى شەخس | | اَلْمُتَكَلِّم بىرىنچى شەخس | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| اَلجنس جىنس / اَلْعَدَد سان | المذكَّر | المؤنَّث | المُذكر | المؤنث | المُذكر | المؤنث |
| مُفْرَدْ بىرلىك | هُوَ ئۇ | هِيَ ئۇ(م) | أَنْتَ سەن | أَنْتِ سەن (م) | أَنَا مەن | أَنَا مەن |
| مُثَنّي ئىككىلىك | هُمَا ئىككىسى | هُمَا ئىككىسى (م) | أَنْتُمَا ئىككىڭلار | أَنْتُمَا ئىككىڭلار (م) | نَحْنُ بىز | نَحْنُ بىز |
| جَمْعٌ كۆپلۈك | هُمْ ئۇلار | هُنَّ ئۇلار (م) | أَنْتُمْ سىلەر | أَنْتُنَّ سىلەر (م) | نَحْنُ بىز | نَحْنُ بىز |

اَلْمِثَالُ:

أَنَا مُدَرِّسٌ — مەن ئوقۇتقۇچى

نَحْنُ مُدَرِّسَانِ — بىز ئىككىمىز ئوقۇتقۇچى

نَحْنُ مُدَرِّسُونَ — بىزلەر ئوقۇتقۇچى

أَنَا مُدَرِّسَةٌ — مەن ئايال ئوقۇتقۇچى

نَحْنُ مُدَرِّسَتَانِ — بىز ئىككىمىز ئايال ئوقۇتقۇچى

نَحْنُ مُدَرِّسَاتٌ — بىزلەر ئايال ئوقۇتقۇچىلار

| | |
|---|---|
| أَنْتَ مُدَرِّسٌ | سەن ئوقۇتقۇچى |
| أَنْتُمَا مُدَرِّسَانِ | ئىككىڭلار ئوقۇتقۇچى |
| أَنْتُمْ مُدَرِّسُونَ | سىلەر ئوقۇتقۇچىلار |
| أَنْتِ مُدَرِّسَةٌ | سىز ئايال ئوقۇتقۇچى |
| أَنْتُمَا مُدَرِّسَتَانِ | ئىككىڭلار ئايال ئوقۇتقۇچى |
| أَنْتُنَّ مُدَرِّسَاتٌ | سىلەر ئايال ئوقۇتقۇچىلار |
| هُوَ مُدَرِّسٌ | ئۇ ئوقۇتقۇچى |
| هُمَا مُدَرِّسَانِ | ئۇ ئىككىسى ئوقۇتقۇچى |
| هُمْ مُدَرِّسُونَ | ئۇلار ئوقۇتقۇچىلار |
| هِيَ مُدَرِّسَةٌ | ئۇ ئايال ئوقۇتقۇچى |
| هُمَا مُدَرِّسَتَانِ | ئۇ ئىككىسى ئايال ئوقۇتقۇچى |
| هُنَّ مُدَرِّسَاتٌ | ئۇلار ئايال ئوقۇتقۇچىلار |

### 2) اَلْعَلَمُ

العلم بولسا مەلۇم شەخس ياكى ئايرىم شەيئى ۋە ئورۇن، ئورگانلارنى باشقا شەخس ياكى ئايرىم شەيئى ۋە ئورۇن ئورگانلار- دىن ئايرىپ ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئىسىملاردۇر.

مەسىلەن:

عُمَرُ، عُثْمَانُ، عَائِشَةُ، اَلنِّيلُ، طَارِمْ، لُبْنَانُ

ابُوبَكْرٍ، اِبْنُ سِينَا، اَلْجَاحِظُ

### 3) اِسْمُ الاِشَارَةِ

اسمُ الاشارة بولسا مۇئەييەن شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسى- تىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىمدۇر. بۇ ھەم ئىسىمنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسىملارغا ئوخشاش مذكر، مؤنث، مفرد، مثني، جمع شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ.

اسم الاشارة ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن سۆز مُشَارٌ اِلَيْهِ (كۆر-

ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان اسم الاشارة (كۆرسىتىش ئالمىشى) دېيىلىدۇ. إِسْمُ الإِشَارَةِلەر يېقىننى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان اسْمُ الإِشَارَةِ.

يىراقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان اسم الاشارة دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

1. يېقىننى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان اسم الا-شارەلەر ئالتە خىل بولىدۇ.

هٰذَا (بۇ) مُفْرَدْ مُذَكَّرْ ئۈچۈن.

هٰذَانِ (بۇ ئىككىسى) مُثَنِّي مُذَكَّرْ ئۈچۈن.

هٰؤُلَاءِ (بۇلار) جَمْعُ مُذَكَّرِ ئۈچۈن.

هٰذِهِ (بۇ ئايال) مُفْرَدَةُ مُؤَنَّثْ ئۈچۈن.

هَاتَانِ (بۇ ئىككى ئايال) مُثَنِّي مُؤَنَّثْ ئۈچۈن.

هٰؤُلَاءِ (بۇ ئاياللار) جَمْع مؤنث ئۈچۈن.

هَاهُنَا (بۇ جاي)

2. يىراقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان اسماء الاشارة لەر ھەم ئالتە خىل بولىدۇ.

ذَاكَ، ذٰلِكَ (ئاۋۇ) مُفرَدمذكر ئۈچۈن.

ذَانِكَ (ئاۋۇ ئىككىسى) مثني مذكر ئۈچۈن.

اُولَائِكَ (ئۇلار) جَمْعُ مَذَكَّرُ ئۈچۈن.

تِلْكَ (ئاۋۇ ئايال) مفردة مؤنث ئۈچۈن .

تَانِكَ ئاۋۇ ئىككى ئايال مثني مؤنث ئۈچۈن.

اُولٰئِكَ ئاۋۇ ئاياللار جَمْعُ مُؤنث ئۈچۈن.

اَلْمِثَالُ:

| | |
|---|---|
| هٰذَا صَادِقٌ | بۇ راستچىل |
| هٰذَانِ صَادِقَانِ | بۇ ئىككىسى راستچىل |
| هٰؤُلَاءِ صَادِقُونَ | بۇلار راستچىللار |

| | |
|---|---|
| هٰذِهِ صَادِقَةٌ | بۇ ئايال راستچىل |
| هَاتَانِ صَادِقَتَانِ | بۇ ئىككى ئايال راستچىل |
| هٰؤُلَاءِ صَادِقَاتٌ | بۇ ئاياللار راستچىللار |
| ذٰلِكَ صَادِقٌ | ئاۋۇ راستچىل |
| ذَانِكَ صَادِقَانِ | ئاۋۇ ئىككىسى راستچىل |
| اُولٰئِكَ صَادِقُونَ | ئاۋۇلار راستچىللار |
| تِلْكَ صَادِقَةٌ | ئاۋۇ ئايال راستچىل |
| تَانِكَ صَادِقَتَانِ | ئاۋۇ ئىككى ئايال راستچىل |
| اُولٰئِكَ صَادِقَاتٌ | ئاۋۇ ئاياللار راستچىللار |

### 4) الاِسْمُ الْمَوْصُولُ

اَلاِسْمُ الْمَوْصُولُ بولسا ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن جۈملە ياكى يېرىم جۈملىنى ۋاستە قىلغان هالدا مەقسەتنى بىلدۈرۈپ جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان ئىسىمدۇر. بۇمۇ باشقا ئىسىملارغا ئوخشاش مذكر مؤنث، مُفْرَد، مُثَنّٰي ۋە جمع شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن جۈملە ياكى يېرىم جۈملە صِلَةُالْمَوْصُولِ (اسم موصول نىڭ ئۇلانمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

صِلَةُ الْمَوْصُولِ بىلەن اَلاِسْمُ الْمَوْصُولُ ئايرىلماس بىر گەۋدىدۇر.

اِسْمُ مَوْصُولْ «غان، قان، گەن ، كەن، دىكى، تىكى» دېگەن قوشۇمچىلار بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان اسم موصول لار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

اَلَّذِيْ مُفْرَدُ مُذَكَّرُ ئۈچۈن.

اَللَّذَانِ ـ اَللَّذَيْنِ     مثني مذكر ئۈچۈن.
اَلَّذِيْنَ     جمع مذكر ئۈچۈن.
اَلَّتِي     مفردة مؤنث ئۈچۈن.
اَللَّتَانِ ـ اَللَّتَيْنِ     مثني مؤنث ئۈچۈن.
اَللَّاتِي اَللَّائِي     جَمْعُ مؤنث ئۈچۈن.
مَنْ     ئەقىللىقلار ئۈچۈن بارچە تۈردە ئورتاق.
مَا     ئەقىلسىزلەر ئۈچۈن ئورتاق.
اَلْمِثَالُ:
هٰذَا هُوَالْمُعَلِّمُ الَّذِي فِي الْمَكْتَبِ.
بۇ بولسا ئىشخانىدىكى مۇئەللىم.
هٰذَانِ هُمَا الْمُعَلِّمَانِ اللَّذَانِ فِي الْمَكْتَبِ.
بۇ ئىككىسى بولسا ئىشخانىدىكى ئىككى مۇئەللىم.
هٰؤُلَاءِ هُمُ الْمُعَلِّمُوْنَ الَّذِيْنَ فِي الْمَكْتَبِ.
بۇلار بولسا ئىشخانىدىكى مۇئەللىملەر.
هٰذِهِ هِيَ الْمُعَلِّمَةُ الَّتِي فِي الْمَكْتَبِ.
بۇ بولسا ئىشخانىدىكى ئايال مۇئەللىم.
هَاتَانِ هُمَا الْمُعَلِّمَتَانِ اللَّتَانِ فِي الْمَكْتَبِ.
بۇ ئىككىسى بولسا ئىشخانىدىكى ئىككى ئايال مۇئەللىم.
هٰؤُلَاءِ هُنَّ الْمُعَلِّمَاتُ اللَّاتِي فِي الْمَكْتَبِ.
بۇلار بولسا ئىشخانىدىكى ئايال مۇئەللىملەر.
رَجَعَ الْوَلَدُ الَّذِي ذَهَبَ اِلَي الْمَدْرَسَةِ.
مەكتەپكە كەتكەن بالا قايتىپ كەلدى.
اَلَّذِيْنَ خَرَجُوا هُمْ مُدَرِّسُوْنَ.
چىققانلار بولسا ئوقۇتقۇچىلار.
مَاالْحُجْرَةُ الَّتِي عَلَيَ الْيَمِيْنِ.
ئوڭ تەرەپتىكى نىمە ئۆي.
مَاالْاَشْيَاءُ الَّتِي فِي الْمَدْخَلِ.

دالاندىكى نىمە نەرسىلەر.

جَاءَ مَنْ كَتَبَ، جَاءَ مَنْ كَتَبَتْ.

يازغان ئەر كەلدى، يازغان ئايال كەلدى.

قَرَأَ مُحَمَّدٌ مَاكَتَبَتْ مِنْ قِصَّةٍ.

مۇھەممەت سەن يازغان ھېكايىنى ئوقۇدى.

## 5) اَلْمُعَرَّفُ بِاَلْ

اَلْمُعَرَّفُ بِاَلْ بولسا مَعْرِفَةٌ لىكىنى ئىپادىلىگۈچى «ال» بىلەن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىم «ال» كىرىشتىن بۇرۇن نَكِرَة ئىسىم ئىدى. دېمەك، ھەر قانداق بىر نَكِرَة ئىسىمغا «ال» كىرسە شۇ ئىسىم مَعْرِفَة ئىسىمغا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر «ال» «تنوين» لىك ئىسىم نىڭ ئالدىغا كەلسە، «تنوين» چۈشۈپ قالىدۇ.

اَلْمِثَالُ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| رَجُلٌ | اَلرَّجُلُ | جَبَلٌ | اَلْجَبَلُ |
| ئەر | ھېلىقى ئەر | تاغ | ھېلىقى تاغ |
| حَدِيقَةٌ | اَلْحَدِيقَةُ | سَيْفٌ | اَلسَّيْفُ |
| باغچا | ھېلىقى باغچا | قىلىچ | ھېلىقى قىلىچ |

## 6) اَلْمُضَافُ اِلَى مَعْرِفَةٍ

اَلْمُضَافُ اِلَى مَعْرِفَةٍ بولسا ئادەتتە مَعْرِفَة ئىسىمنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ اِضَافَةنى ھاسىل قىلىدىغان نكرة ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىم ئۆزى نكرة بولسىمۇ مَعْرِفَةگە اِضَافَة قىلىنىش ئارقىلىق معرفة لىككە ئايلانغان.

اَلْمِثَالُ:

كِتَابٌ      كِتَابُ التَّارِيخِ.

نامەلۇم بىر كىتاب      تارىخ كىتابى
وَرَقَةٌ      وَرَقَةُ الْكِتَابِ.
نامەلۇم بىر ۋاراق      كىتابنىڭ ۋارىقى
حَقِيبَةٌ      حَقِيبَةُ خَالِدٍ
نامەلۇم بىر سومكا      خالىد نىڭ سومكىسى
دَفْتَرٌ      دَفْتَرُبَكْرٍ
نامەلۇم بىر دەپتەر      بەكرىنىڭ دەپتىرى

(7) اَلْمُعَرَّفُ بِالنِّدَاءِ

اَلْمُعَرَّفُ بِالنِّدَاءِ بولسا ئەسلى بىر نَكِرَة ئىسىم بولۇپ چاقىرىلغۇچى بولۇش بىلەن مَعْرِفَة لىككە ئايلانغان.

اَلْمِثَالُ:

مُسَافِرٌ      يَامُسَافِرُ اَسْرِعْ
نامەلۇم بىر يولۇچى، ھەي يولۇچى تېز بول
رَجُلٌ      يَارَجُلُ اِمْشِ
نامەلۇم بىر ئەر، ھەي ئادەم ماڭ

## 5- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىلەردە كەلگەن معرفة لەرنىڭ تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.

-1-

هَلْ هُوَ طَالِبٌ مُجْتَهِدٌ؟
نَعَمْ، هُوَطَالِبٌ مُجْتَهِدٌ.
هَلْ هُمَا طَالِبَانِ مُجْتَهِدَانِ؟
نَعَمْ، هُمَاطَالِبَانِ مُجْتَهِدَانِ.
هَلْ هُمْ طُلاَّبٌ مُجْتَهِدُونَ؟
نَعَمْ، هُمْ طُلاَّبٌ مُجْتَهِدُونَ.

هَلْ هِيَ طَالِبَةٌ مُجْتَهِدَةٌ؟
لاَ، هِيَ طَالِبَةٌ كَسْلاَنَةٌ.
هَلْ هُمَا طَالِبَتَانِ مُجْتَهِدَتَانِ؟
لاَ، هُمَا طَالِبَتَانِ كَسْلاَنَتَانِ.
هَلْ هُنَّ طَالِبَاتٌ مُجْتَهِدَاتٌ؟
لاَ، هُنَّ طَالِبَاتٌ كَسْلَى.
هَلْ أَنْتَ مُدَرِّسٌ مُجِدٌّ؟
نَعَمْ، أَنَا مُدَرِّسٌ مُجِدٌّ.
هَلْ أَنْتُمَا مُدَرِّسَانِ مُجِدَّانِ؟
نَعَمْ، نَحْنُ مُدَرِّسَانِ مُجِدَّانِ.
هَلْ أَنْتُمْ مُدَرِّسُونَ مُجِدُّونَ؟
نَعَمْ، نَحْنُ مُدَرِّسُونَ مُجِدُّونَ.
هَلْ أَنْتِ مُدَرِّسَةٌ مُجِدَّةٌ؟
نَعَمْ، أَنَا مُدَرِّسَةٌ مُجِدَّةٌ.
هَلْ أَنْتُمَا مُدَرِّسَتَانِ مُجِدَّتَانِ؟
نَعَمْ، نَحْنُ مُدَرِّسَتَانِ مُجِدَّتَانِ.
هَلْ أَنْتُنَّ مُدَرِّسَاتٌ مُجِدَّاتٌ. ؟
نَعَمْ، نَحْنُ مُدَرِّسَاتٌ مُجِدَّاتٌ.

— 2 —

هَلْ أَنْتَ الَّذِي فَعَلْتَ هٰذَا؟
هَلْ أَنْتُمَا اللَّذَانِ فَعَلْتُمَا هٰذَا؟
هَلْ أَنْتُمْ الَّذِينَ فَعَلْتُمْ هٰذَا؟
هَلْ أَنْتِ الَّتِي فَعَلْتِ هٰذَا؟
هَلْ أَنْتُمَا اللَّتَانِ فَعَلْتُمَا هٰذَا؟
هَلْ أَنْتُنَّ اللاَّئِي فَعَلْتُنَّ هٰذَا؟

## 6- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملە تەركىبىدە كەلگەن مَعْرِفَةٌ ئىسمىنى نَكِرَة، نَكِرَة نى مَعْرِفَة قىلىڭ.

1) رَكِبَ فَارِسٌ اَلْحِصَانَ.
2) طَارَتْ وَرَقَةٌ مِنَ الْكِتَابِ.
3) سَمِعَ التِلْمِيذُ دَرْسًامُفِيْدًا.
4) فَرَكَلْبُ مِنَ الْحَارِسِ.
5) نَمَتْ شَجَرَةٌ فِي الحَقْلِ.
6) قَبَضَ رَجُلٌ عَلَيْ السَّارِقِ.

## 7- كۆنۇكمە

تۆۋەندىكى جۈملە ئىچىدىكى بوش ئورۇننى مۇناسىپ عَلَمْ لەر بىلەن تولدۇرۇڭ.

1) ذَهَبْتُ اِلَيَ ...... وَشَاهَدْتُ مَسْجِدَ عَيْدكَاه.
2) سَافَرَالْحُجَّاجُ اِلَيَ ........
3) اَوَّلُ رَئِيْسِ الصِّيْنِ الشَّعْبِيَّةِ........
4) اِسْلَامْ آبَاد عَاصِمَةٌ.........

## 8- كۆنۇكمە

تۆۋەندىكى جۈملە ئىچىدە كەلگەن عَلَمْ لەر ئورنىغا مۇناسىپ ضَمِير قويۇڭ.

1) عُثْمَانُ يَأْكُلُ التُفَّاحَ.
2) حَسَنَانِ زَارَا حَدِيْقَةَ الْحَيَوَانِ.
3) اَلطَالِبَاتُ تَعَلَّمْنَ عِلْمَ الصَّرْفِ.
4) مُحَمَّدُونَ يَسْتَحِمُّونَ فِي النَهْرِ.

## 9- كۆنۇكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن اِسْم مَوْصُول غا مۇناسىپ صِلَة قويۇڭ.

1) قَرَاْتُ الْكِتَابَ الَّذِي ......

2) حَمَلْتُ الْحَقِيْبَةَ اَلَّتِي ......

3) هٰذَا هُوَالْبَيْتُ الَّذِي ......

4) كَسَرَالقِطُّ الزُّجَاجَتَيْنِ اَلَّتَيْنِ ......

5) اَحْسِنْ اِلَيَ مَنْ ......

6) هٰؤُلَاءِ هُنَّ التِلْمِيْذَاتُ اللَّائي ......

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| مِفْتَاحٌ ج مَفَاتِيْحُ | ئاچقۇچ | تَاجِرٌ ج تُجَّارٌ | سودىگەر |
| كَسْلَانٌ م كَسْلَانَةٌ | هورۇن | مُجِدٌّ | ئەستايىدىل |
| فَعَلْتَ | سەن قىلدىڭ | فَعَلْتُمَا | ئىككىڭلار قىلدىڭلار |
| فَعَلْتُمْ | سىلەر قىلدىڭلار | فَعَلْتِ (م) | سىز قىلدىڭىز |
| فَعَلْتُمَا (م) | ئىككىڭلار قىلدىڭلار | فَعَلْتُنَّ (م) | سىلەر قىلدىڭلار |
| طَارَتْ | ئۇچۇپ كەتتى | قَبَضَ | تۇتىۋالدى |
| اَلسَّارِقُ | ئوغرى | حَاجٌّ ج حُجَّاجٌ | هاجىلار |
| عَاصِمَةٌ | پايتەخت | يَسْتَحِمُّونَ | يۇيۇنىدۇرلەر |
| زُجَاجٌ | شىشە، بوتۇلكا | اَحْسِنْ | ياخشىلىق قىل |
| زَارَا | زىيارەت قىلىش ئىككىسى | تَعَلَّمْنَ | ئۆگەندىلەر |
| حَدِيقَةُ الْحَيَوَانِ | هايۋاناتلار باغچىسى | | |

# 5 § . اَلْاِسْمُ الْمَنْسُوبُ

## نىسبىي سۈپەت

ئەسلى ئىسىم بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا مەنسۇپلۇق مۇناسى‍ۋەت بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم الاِسْمُ المَنْسُوبُ دەپ ئاتىلى‍دۇ. ئۇ، ئەسلى ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا تەشدىدلىك «ياء» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ تشديدلىك «ياء» بولسا «يَاءُ النَّسَبِ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«يَاءُ النَّسَبِ» نىڭ ئالدى داۋاملىق كسرەلىك بولىدۇ. مەسى‍لەن:

اَلصِّينُ — صِينِيٌّ (جۇڭگولۇق).

عَرَبٌ — عَرَبِيٌّ (ئەرەبچە).

1 - «ياء النسب» نىڭ «تَاءُ التأنيث» گە ئۇلىنىشى

«ياء النسب» ئاخىرى «تَاءُ التَّأنِيْث» بىلەن ئاياغلاشقان ئى‍سىملارغا ئۇلانغاندا «تاء التانيث» حَذْفُ قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مَكَّةُ— مَكِّيٌّ (مەككەلىك).

سِيَاسَةٌ — سِيَاسِيٌّ (سىياسى).

اِشْتِرَاكِيَةٌ — اِشْتِرَاكِيٌّ (سوتسىيالىستىك).

2 - «يَاءُ النَّسَبِ» نىڭ الاِسْمُ المَقْصُور غا ئۇلىنىشى

«ياء النسب» الاِسْمُ المَقْصُور (قىسقارتىلما ئىسىم) لارغا تۆ‍ۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ئۇلىنىدۇ.

- ئەگەر الاِسْمُ المَقْصُوردىكى «اَلِف» كلمة نىڭ ئۈچىنچى هەر‍پى بولسا مەنسۇپ قىلغاندا «اَلِف» «واو» غا قلب قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

رِبَا رِبَوِيٌّ (يۇقىرى ئۆسۈملۈك)

عَصَا عَصَوِيٌّ (تاياقلىق)

حَيَاةٌ حَيَوِيٌّ (جانلىق)

ـ ئەگەر الاسْمُ المَقْصُوردىكى «الف» كلمة نىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھەرپى ساكىنلىق بولسا، منسوب قىلىنغاندا «الف» «واو» غا قلب قىلىنىشىمۇ ياكى حذف قىلىنىشىمۇ ياكى «واو» نىڭ ئالدىغا بىر «الف» قوشۇلۇشىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بَنْهَا — بَنْهَوِيٌّ بَنْهِيٌّ بَنْهَاوِيٌّ (بەنھالىق).

ـ ئەگەر الاسم المقصوردىكى «الف» كلمەنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھەرپى ھەرىكەتلىك بولسا، مەنسۇپ قىلىنغاندا «الف» حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كَنَدَا — كَنَدِيٌّ (كانادالىق).

ـ ئەگەر الاسم المقصوردىكى «الف» كلمەنىڭ بەشىنچى ياكى ئالتە ۋە يەتتىنچى ھەرپلىرى بولۇپ كەلسە، «منسوب» قىلىنغاندا «الف» مۇتلەق حذف قىلىنىش لازىم. مەسىلەن:

اَمْرِيْكَا — اَمْرِيْكِيٌّ (ئامېرىكىلىق).

اِسْبَانِيَا — اِسْبَانِيٌّ (ئىسپانىيىلىك).

فَرَنْسَا — فَرَنْسِيٌّ (فرانسىيىلىك).

3 ـ «ياء النسب» نىڭ الاِسْمُ الْمَنْقُوصُ غا ئۇلىنىشى

«ياء النسب» الاسْمُ المَنْقُوص (كەمتۈك ئىسىملار) غا تۆۋەندە

دىكى ئۇسۇل بىلەن ئۆلىنىدۇ.

ـ ئەگەر الاسْمُ المَنْقُوص دىكى «ياء» كلمەنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى بولسا، مەنسۇپ قىلغاندا «ياء» «واو» غا قلب قىلىنىپ «واو» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە فتحة ھەرىكەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

شَجِي — شَجَوِيٌّ (قايغۇلۇق).

شَذِي — شَذَوِيٌّ ( خوش پۇراقلىق).

ـ ئەگەر الاسم المنقوص دىكى «يَاءْ» كلمەنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولسا، مەنسۇپ قىلغاندا «ياء» ني حذف قىلىنىشىمۇ ياكى «واو» غا قلب قىلىنىشىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

نَادِي — نَادِي نَادِوِيٌّ.

مَالِي — مَالِيٌّ مَالِوِيٌّ.

ـ ئەگەر الاسْمُ المَنْقُوص دىكى «ياء» كلمەنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى ھەرپى بولۇپ كەلسە، منسوب قىلغاندا «ياء» حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مُرْتَضِي — مُرْتَضِيٌّ

4 ـ «ياء النسب» نىڭ الاسْمُ المَمْدُودُ غا ئۇلىنىشى

«يَاءُ النَّسَبِ» «الاسْمُ المَمْدُود» يەنى (سوزۇلما ئىسىملار) غا تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ئۇلىنىدۇ.

ـ ئەگەر الاسم المَمْدُود دىكى «همزة» «مُؤنث» نىڭ ھەمزىسى بولسا منسوب قىلغاندا، «همزة» «واو» غا قلب قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

صَحْرَاءُ - صَحْرَاوِيٌّ

بَيْضَاءُ - بَيْضَاوِيٌّ

ئەگەر الاسم الممدودنىكى «همزة» ئەسلىدە بار بولغان «همزة» بولسا منسوب قىلغاندا «همزة» ئۆزگەرمەي تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

إِنْشَاءُ - إِنْشَائِيٌّ، إِبْتِدَاءُ - إِبْتِدَائِيٌّ.

ئەگەر الاسْمُ المَمْدُوْد دىكى «همزة» ئەسلىدە «واو» ياكى «ياء» دىن ئۆزگەرگەن بولسا، منسوب قىلغاندا، «همزة» «واو» غا قلب قىلىنىدۇ ياكى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

سَمَاءُ - سَمَاوِيٌّ، سَمَائِيٌّ، دُعَاءُ - دُعَاوِيٌّ دُعَائِيٌّ.

5 - «يَاءُ النَّسَب» نىڭ تشديدلىك «ياء» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمغا ئۇلىنىشى

«ياء النسب» تىشديد لىك «يا» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمغا تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ئۇلىنىدۇ. ئەگەر تىشديدلىك «ياء» نىڭ ئالدىدا بىر ھەرپ بولسا «منسوب» قىلغاندا بىرىنچى «ياء» ئەسلىگە قايتۇرۇلۇپ ئىككىنچى «ياء» «واو» غا قلب قىلىنىدۇ. ۋە «واو» نىڭ ئالدىغا فتحة ھەرىكەت بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

حَيٌّ - حَيَوِيٌّ، طَيٌّ - طَوَوِيٌّ.

- ئەگەر تىشديد لىك «ياء» نىڭ ئالدىدا ئىككى ھەرپ بولسا

مەنسۇب قىلغاندا بىرىنچى «ياء» حَذِفْ قىلىنىپ ئىككىنچى «ياء» «واو» غا قَلِبْ قىلىنىدۇ. ۋە «واو» نىڭ ئالدىغا فَتْحَة ھەركەت بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

نَبِيٌّ - نَبَوِيٌّ، عَلِيٌّ - عَلَوِيٌّ.

ئەگەر تشديدلىك «ياء» نىڭ ئالدىدا ئۈچتىن كۆپرەك ھەرپ بولسا، ئۇنى مەنسۇب قىلغاندا تشديدلىك «ياء» حذف قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

شَرْقِيَّةٌ - شَرْقِيٌّ.

شَافِعِيٌّ - شَافِعِيٌّ.

6 - «ياء النسب» نىڭ «مَحْذُوفُ اللاَّمِ» بولغان ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارغا ئۇلىنىشى

«ياء النسب» نى «مِيْزَانْ» دىكى «لام» حذف قىلىنغان ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارغا ئۇلاپ مەنسۇب قىلغاندا، «لام» نىڭ باراۋېرىدىكى ھەرپ ئەسلىگە قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اَبٌ — اَبَوِيٌّ، اَخٌ — اَخَوِيٌّ، لُغَةٌ— لُغَوِيٌّ

بۇ ئىسىملارنىڭ ئەسلىسى «اَبُو، اَخُو، لُغَو» ئىدى.

ھەرقانداق بىر اسم مَنْسُوب نى زۆرۈر تېپىلغاندا «تاء الـتأنيث» ئارقىلىق مۆئنەثكە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

عِلْمِيٌّ — عِلْمِيَّةٌ، اِسْلاَمِيٌّ — اِسْلاَمِيَّةٌ، مِصْرِيٌّ —

مِصْرِيَّةٌ.

7 - «ياء النسب» نىڭ «فَعِيلَةٌ. فُعَيْلَةٌ» ۋەزىنىدىكى ئىسىم-
لارغا ئۇلىنىشى

«فَعِيلَةٌ، فُعَيْلَةٌ» ۋەزنىدە كەلگەن ئىسىملارنى منسوب قىلى-
غاندا بۇنىڭدىكى «ياء» حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

حَنِيْفَةٌ — حَنَفِيٌّ، صَحِيْفَةٌ — صَحَفِيٌّ، جَزِيْرَةٌ — جَزَرِيٌّ، جُهَيْنَةٌ
— جُهَنِيٌّ.

تۆۋەندىكى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ منسوب بولۇشى ھېچ-
قانداق قائىدىگە چۈشمەيدۇ.

رَبٌّ - رَبَّانِيٌّ، حَقٌّ، حَقَّانِيٌّ، رُومٌ - رُومَانِيٌّ، تَحْتٌ - تَحْتَانِيٌّ،
فَوْقٌ - فَوْقَانِيٌّ، نَاصِرَةٌ - نَصْرَانِيٌّ، قَرْيَةٌ - قُرَوِيٌّ، بَادِيَةٌ - بَدَوِيٌّ،
قريش - قرشي

## 10- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ئىسىملارنى منسوب غا ئايلاندۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| لُبْنَانُ | بَاكِسْتَانُ | فِلَسْطِينُ |
| غَرْبٌ | مِصْرُ | يُونَانُ |
| اَلْقَاهِرَةُ | مَدْرَسَةٌ | صِحَّةٌ |
| رِيَاضَةٌ | هَنْدَسَةٌ | مَرْحَلَةٌ |

## 11- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى اسم مَقْصُوردىن اِسْم مَنْسُوب نى كەلتۈرۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| بُخَارِي | كَنَدَا | اُوغَنْدَا |
| اِنْدُونِيْسِيَا | اِيْطَالِيَا | رُوسِيَا |

## 12- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى اسم مَمْدُودنى منسوب غا ئايلاندۇرۇڭ ۋە سەۋەب- نى ئېيتىپ بېرىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَمْرَاءُ | سَوْدَاءُ | خَضْرَاءُ | إِمْلَاءُ |
| اِلْتِجَاءُ | إِسْتِقْرَاءُ | وَبَاءُ | اِعْتِدَاءُ |

## 13- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇڭ.

1. فِي كُلِّ جَامِعَةٍ إِسْلَامِيَّةٍ طُلَّابٌ وَافِدُونَ، وَفِي أَكْثَرِ هٰذِهِ الْجَامِعَاتِ تَجِدُ الطَّالِبَ الْآسِيَوِيَّ وَالْإِفْرِيقِيَّ وَالْأُورُبِّيَّ وَالْأَمْرِيكِيَّ (كَالْعَرَبِيِّ وَالْهِنْدِيِّ وَالتُّرْكِيِّ، وَالْإِنْدُونِيسِيِّ، وَالْيَابَانِيِّ) يَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ.

2. كَانَتِ الْإِمْتِحَانَاتُ سَنَوِيَّةً ثُمَّ صَارَتْ فَصْلِيَّةً فِي كَثِيرٍ مِنَ الْبُلْدَانِ.

3. عَمَلُكَ يَا أَحْمَدُ عَمَلٌ إِنْسَانِيٌّ.

4. الْأَمَاكِنُ الْجَبَلِيَّةُ بَارِدَةٌ فِي الشِّتَاءِ مُعْتَدِلَةٌ فِي الصَّيْفِ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| عَمَلُكَ | سىنىڭ ئىشىڭ | اِنْسَانِيٌّ | ئىنسانپەرۋەرلىك |
| اَلْاَمَاكِنُ الْجَبَلِيَّةُ | تاغلىق جايلار | بَارِدَةٌ | سوغۇق |
| شِتَاءٌ | قىش | مُعْتَدِلَةٌ | مۆتىدىل |
| صَيْفٌ | ياز | سَنَوِيَّةٌ | يىللىق |
| فَصْلِيَّةٌ | پەسىللىك | صَارَتْ | ئۆزگەردى، بولدى |
| اِنْدُونِيْسِيٌّ | ھىندونوزىيىلىك | وَافِدٌ ج وَافِدُوْنَ | سىرتتىن كەلگەن |
| بَلَدٌ ج بُلْدَانٌ | دۆلەتلەر | قَلْبٌ | ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق |
| حَذْفٌ | چۈشۈرۈپ قويماق | | |

# 6 § . اِسْمُ التَّصْغِيْرِ

## كىچىكلىتىش ئىسمى

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى كىچىكلىتىپ ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىسىم اِسْمُ التَّصْغِيْرِ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنى كىچىكلىتىپ ئىپادىلەش تۆۋەندىكى مەقسەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

1. ھەجىمىنىڭ كىچىكلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسى-

لەن:

جَبَلٌ — جُبَيْلٌ (تاغچاق)

2. پەس كۆرۈش ئۈچۈن. مەسىلەن:

شَاعِرٌ — شُوَيْعِرٌ (شائىرچاق)

3. سانىنى ئاز كۆرسىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن:

لُقْمَاتٌ — لُقَيْمَاتٌ (بىر - ئىككى چىشلەم)

4. ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن:

قَبْلَ — قُبَيْلَ، بَعْدَ — بُعَيْدَ

5. ئەركىلىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن:

اِبْنٌ — بُنَيٌّ

ئىسىملار تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن تَصْغِيْر قىلىنىدۇ.

1) ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تَصْغِيْر قىلىنىشى.

ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملار «فُعَيْلٌ» ۋەزنىدە تصغير قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

رَجُلٌ — رُجَيْلٌ

حَسَنٌ — حُسَيْنٌ

كَلْبٌ — كُلَيْبٌ

ئەگەر ئىسىم مۆئەننەس مَعْنَوِي بولسا تَصْغِيْر قىلغاندا ئاخىرىغا

« تاء التاَّنيث» قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

**هِنْدٌ — هُنَيْدَةٌ.**

**شَمْسٌ — شُمَيْسَةٌ.**

**أُذُنٌ — أُذَيْنَةٌ.**

ئەسلى ھەرپى ئۈچ بولۇپ، ئۇنىڭغا مۆنث لىكنىڭ ئۈچ خىل بەلگىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملار «الف» ۋە «نون» قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملار ۋە «اَفْعَالٌ» ۋەزنىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلغان «جَمْعُ التَكْسِير» لەر «تَصْغِير» قىلىنغاندا، ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تصغير قىلىنىش قائىدىسىگە ئاساسەن «تصغير» قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

**شَجَرَةٌ — شُجَيْرَةٌ، سَلْمىٰ — سُلَيْمىٰ، خَضْرَاءُ — خُضَيْرَاءُ، عُثْمَانُ — عُثَيْمَانُ، اَصْحَابُ — اُصَيْحَابُ.**

2) تۆت ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تَصْغِير قىلىنىشى.

تۆت ھەرپلىك ئىسىملار «فُعَيْعِلٌ» ۋەزنىدە تَصْغِير قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

**مَصْنَعٌ — مُصَيْنِعٌ، مَنْزِلٌ — مُنَيْزِلٌ**

ئەسلى ھەرپى تۆت بولۇپ، ئۇنىڭغا «تاء التانيث» «الف التانيث الممدودة»، اَلِف نُون زَائِدَتَانِ يەنى ئارتۇق الف، نون ئايرىم - ئايرىم قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملار تَصْغِير قىلىنغاندا،

تۆت ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تصغير قىلىنىش قائىدىسىگە ئاسا۔

سەن تصغير قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مِسْطَرَةٌ — مُسَيْطِرَةٌ.

عَقْرِبَاءُ — عُقَيْرِبَاءُ.

تَرْجُمَانُ — تُرَيْجِمَانُ.

3) بەش ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تصغير قىلىنىشى.

بەش ھەرپلىك ئىسىملار «فُعَيْعِيْلٌ» ۋەزنىدە تصغير قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

مِصْبَاحٌ — مُصَيْبِيْحٌ.

عُصْفُورٌ — عُصَيْفِيْرٌ.

قِنْدِيْلٌ — قُنَيْدِيْلٌ.

4) ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەرپى الف زَائِدَة ياكى حَرْفُ عِلّة بولغان ئىسىمنىڭ تصغير قىلىنىشى.

ئەگەر ئىككىنچى ھەرپى ئارتۇق الف بولسا، تصغير قىلغاندا الف «واو» غا قَلِبْ قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سَالِمٌ — سُوَيْلِمٌ، كَاتِبٌ — كُوَيْتِبٌ.

ئەگەر ئىككىنچى ھەرپى حَرْفُ عِلّة بولسا، تصغير قىلغاندا بۇ حرف ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

بَابٌ — بُوَيْبٌ، تَاجٌ — تُوَيْجٌ، نَابٌ —نُيَيْبٌ.

ئەگەر ئۈچىنچى ھەرپى حَرف عِلّة بولسا تصغير قىلغاندا حرف علة تصغيرنىڭ « ياء» سىغا ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىنىدۇ.

يەنى ادغام قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كَرِيمٌ — كُرَيِّمٌ، كَثِيرٌ — كُثَيِّرٌ، سَرِيرٌ — سُرَيِّرٌ، عَصًا — عُصَيَّة.

## 14ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ئىسىملارنى «تصغير» قىلىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| بَدْرٌ | زَهْرٌ | فَهْدٌ | وَلَدٌ |
| أَسَدٌ | قِرْدٌ | رَفٌّ | مَسْجِدٌ |
| مَسْرَحٌ | دِرْهَمٌ | أَفْضَلُ | مِرْجَلٌ |
| أَرْضٌ | بُلْبُلٌ | دُبٌّ | غُرْفَةٌ |
| نُعْمٰى | حَمْرَاءُ | صَحْرَاءُ | عَطْشَانُ |
| سَلْمَانُ | أَفْرَاسٌ | أَطْفَالٌ | زَعْفَرَانٌ |
| غَارٌ | قِيمَةٌ | مُوقِنٌ | عَيْنٌ |
| أَحْبَابٌ | أَعْمِدَةٌ | جِبَالٌ | صَنَّاعٌ |
| هُدٰى | حَسُودٌ | حَبِيبٌ | قُرْبٰى |

## 15ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇڭ.

1. لَيْسَ هٰذَا بِصَانِعٍ بَلْ هُوَ صُوَيْنِعٌ غَيْرُ مُتَمَكِّنٍ مِنْ صَنْعَتِهِ.
2. «بِحَسْبِ ابْنِ آدَمَ لُقَيْمَاتٌ يُقِمْنَ صُلْبَهُ» —
3. تَعُودُ الطُّيُورُ إِلٰى عُشَاشِهَا قُبَيْلَ الْغُرُوبِ.

4. اِنْصَرَقَ الْمُتَفَرِّجُونَ بَعْدَ الْمُبَارَاةِ.
5. مَدْرَسَةُ الْقَرْيَةِ قَرِيبَ النَّهْرِ.
6. مَدِينَةُ الْجِيزَةِ بَعِيدَ الْقَاهِرَةِ.
7. اَلصَّحَابِيُّ الْجَلِيلُ اَبُو هُرَيْرَةَ مِنْ رُوَاةِ الْحَدِيثِ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| بَدْرٌ | تولۇن ئاي | فَهْدٌ | قاپلان |
| قَمَرٌ | ئاي | قِرْدٌ | مايمۇن |
| رَفٌّ | تەكچە | مَسْرَحٌ | تىياتىرخانا |
| دُبٌّ | ئېيىق | صَانِعٌ | ئۇستا |
| غَيْرُ مُتَمَكِّنٍ | ئىشەنچ قىلالمايدىغان | بِحَسَبِ ابْنِ اٰدَمَ | ئادەمزاتقا يېقىنلىك |
| يُقِمْنَ صُلْبَهُ | بىلىنى رۇسلايدىغان | تَعُودُ | قايتىدۇ |
| طَيْرٌ ج طُيُورٌ | قۇش | عُشٌّ ج عِشَاشٌ | ئۇۋا |
| اِنْصَرَفَ يَنْصَرِفُ اِنْصِرَافٌ | قايتىش | مُتَفَرِّجٌ ج مُتَفَرِّجُونَ | تاماشىبىن |
| مُبَارَاةٌ | مۇسابىقە | رُوَاةُ الْحَدِيثِ | ھەدىس نەقىل قىلغۇچىلار |

## § 7. اَلْاِسْمُ وَتَرْكِيبُهُ

### ئىسىم ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى

ئىسىم كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ياسىلىشى ۋە شەكلىگە قاراپ: اَلْاِسْمُ الْجَامِدُ (تۈپ ئىسىم) ۋە اَلْاِسْمُ الْمُشْتَقُّ (ياسالما ئىسىم) دەپ ئايرىلىدۇ.

1. اَلْاِسْمُ الْجَامِدُ (تۈپ ئىسىم). اَلاِسْمُ الْجَامِدُ بولسا باشقا

سۆز ئۆزىگە مەنبە قىلىپ ئۇنىڭدىن تۇرلىنىش ئاساسىدا ياسالمى-
غان، بەلكى ئۆزى سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان
ئىسىمدۇر.

اَلاِسْمُ الْجَامِدُ - اِسْمُ جِنْسٍ (تۇرداش ئىسىم) ۋە اِسْـمُ مَصْدَرٍ
(ھەرىكەت نامى) دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. اسم جنس ئەسلى لەفزى قۇرۇلمىسىدىن پېئىل ۋە
باشقا ياسالما ئىسىملارنى ياساشقا بولمايدىغان، پەقەت ئادەم ۋە
نەرسىلەرنىڭ كونكرېت ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. مە-
سىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| رَجُلٌ | حِصَانٌ | اَبٌ |
| شَجَرَةٌ | اِمْرَأَةٌ | بِنْتٌ |

2. اِسْمُ مَصْدَر زامانغا بېقىنماستىن ئىش - ھەرىكەتنىڭ نامى-
نى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن:

اِجْتِمَاعٌ (يىغىلىش)، عَدْلٌ (ئادالەت)، مَنْفَعَةٌ (مەنپەئەت)

دېمەك، اسْمُ مَصْدَرْ بارلىق اَفْعَالٌ مُشْتَقَّةٌ (ياسالما پېئىللار)
ۋە اَسْمَاءٌ مُشْتَقَّةٌ (ياسالما ئىسىملار) نىڭ ياسىلىشىدىكى ئەسلى
مەنبەدۇر. ئەمما مَصْدَر تۈرلەشتە پېئىلدىن كېيىن كېلىدىغانلىقى
ئۈچۈن ئادەتتە مەلۇم بىر پېئىلنىڭ مصدرى دېيىلىدۇ. بۇنداق
مصدر مصدراصلي (ئەسلى مصدر) دەپ ئاتىلىدۇ.

اسْم مَصْدر يەنە مەنە جەھەتتىن: اَلْمَصْدَرُ الْمِيْمِيُّ (مىلق مَصْدَرْ

)، اَلْمَصْدَرُ الصِّنَاعِيُّ (سۈنئى مصدر)، مَصْدَرُ الْمَرَّةِ (قېتىملىق مصدر)، مَصْدَرُ الْهَيْئَةِ (هالەت مصدرى) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) اَلْمَصْدَرُ الْمِيْمِيُّ (مىملىق مصدر)

بۇ مصدرنىڭ باش تەرىپىگە «ميم» كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن «مَصْدَرٌ ميمي» يەنى مىملىق مصدر دەپ ئاتالغان. مَصْدَرْ مِيْمِى مەنە جەھەتتىن باشقا مصدرلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت نامىنى ئىپادىلەپ كېلىۋېرىدۇ.

مصدرميمي ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن «مَفْعَلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. ئەمما ئۈچ ھەرپلىك مِثَال، ئاخىرى صَحِيْح، مُضَارِع دا «فَاءْ» سى حَذف قىلىنغان پېئىللاردىن «مَفْعِلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ. بەزىدە مصدرميمي نىڭ ئاخىرىغا «ة» ئۇلىنىپمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| مَأْكَلٌ | مَقْصَدٌ | مَوْلِدٌ |
| مَوْعِدٌ | مَحَبَّةٌ | مَنْفَعَةٌ |
| مَرْحَمَةٌ | | |

مَصْدَرمِيْمِي اَلْمُجَرَّدُالثُّلَاثِي دىن باشقا پېئىللاردىن شۇ پېئىلنىڭ اِسْمْ مَفْعُول نىڭ ۋەزنىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مُلْتَقِي مُسْتَقِرٌّ مُرْتَبَطٌ مُعْتَقَدٌ

2) اَلْمَصْدَرُ الصِّنَاعِيُّ (ياسالما مَصْدَر)

اَلْمَصْدَرُ الصِّنَاعِيُّ — ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا تَاءُ التَّأْنِيثِ لىق «يَاءُ النَّسَبِ» يەنى «يە» نى قوشۇش ئارقىلىق مَصْدَر مەنىسىگە ئىگە بولىدىغان ئىسىمدۇر.

مەسىلەن:

إِنْسَانٌ — إِنْسَانِيَّةٌ (ئىنسانپەرۋەرلىك)

حُرٌّ — حُرِّيَّةٌ (ئازادلىق)

وَطَنٌ - وَطَنِيَّةٌ (ۋەتەنپەرۋەرلىك)

مَسْؤُولٌ — مَسْؤُولِيَّةٌ (مەسئۇللۇق)

3) مَصْدَرُ الْمَرَّةِ (قېتىملىق مصدر)

مَصْدَرُ الْمَرَّةِ — ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سانىنىڭ بىر قېتىملا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر.

ئۇ، اَلْمُجَرَّدُ الثُّلَاثِي دىن «فَعْلَةٌ» ۋەزنىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

اَكَلْتُ أَكْلَةً (بىر قېتىم يېدىم)

ضَرَبْتُهُ ضَرْبَةً (ئۇنى بىر قېتىم ئۇردۇم)

مَصْدَرُ الْمَرَّة ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن شۇ پېئىلنىڭ مَصْدَر شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «ة» قوشۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

اَكْرَمْتُهُ إِكْرَامَةً (ئۇنى بىر قېتىم ھۆرمەتلىدىم)

عَلَّمْتُهُ تَعْلِيمَةً (ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۆگەتتىم)

4) مَصْدَرُ الْهَيْئَةِ (ھالەت مصدري)

مَصْدَرُ الْهَيْئَةِ — ئىش - ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ شەكلىنى، ھالىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىمدۇر.

بۇ ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللاردىن «فِعْلَةٌ» ۋەزنىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىلنىڭ باشقىسىدىن ياسالغىنىنىڭ مۇئەييەن ۋەزنى يوق. مەسىلەن:

نَظَرْتُهُ نِظْرَةَ الْحَائِرِ (ئۇنىڭغا ھەيران قالغان ئادەمدەك قارىدىم).

جَلَسْتُ جِلْسَةَ الْعُلَمَاءِ (ئۆلىمالار ئولتۇرغان شەكىلدە ئولتۇردۇم).

2. اَلْإِسْمُ الْمُشْتَقُّ (ياسالما ئىسىم) اِسْمُ مُشْتَق ئۆزىگە مصدر اَصْلِي نى مەنبە قىلغان ھالدا ياسىلىپ چىققان ئىسىملاردۇر. ئۇلار ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ.

1. اِسْمُ فَاعِلٍ (ھەرىكەت ئىگىسى)
2. اِسْمُ مَفْعُولٍ (ھەرىكەت ئوبيېكتى)
3. اِسْمُ زَمَانٍ (ۋاقىت ئىسىمدىشى)
4. اِسْمُ مَكَانٍ (ئورۇن ئىسىمدىشى)
5. اِسْمُ آلَةٍ (ۋاستە ئىسىمدىشى)

6. اِسْمُ تَفْضِيْلٍ (ئارتتۇرۇش ئىسىمدىشى)

## 16- كۆنۈكمە

ئاستى سىزىلغان مَصْدَرأَصْلِي نىڭ ئورنىغا ئۆز مەنىسىدىكى مَصْدَر مِيْمِي نى قويۇڭ.

1. إِجْعَلْ سَعْيَكَ فِي الْخَيْرِ دَائِمًا.
2. اِبْتِدَاءُ الْمُحَاضَرَةِ فِي السَّاعَةِ الْخَامِسَةِ مَسَاءً.
3. أُرِيْدُ خُرُوْجًا جَمِيْلًا مِنَ الْمُشْكِلَةِ.
4. اَلْكَذَّابُ لَايُوْثَقُ بِوَعْدِهِ.
5. كَانَ اِقْتِتَالُ النَّاسِ حَوْلَ الْمَدِيْنَةِ شَدِيْدًا.
6. اِسْتَفِدْ مِنْ شَبَابِكَ قَبْلَ شَيْبِكَ.
7. مَهْمَا يَأْكُلِ النَّهِمُ يَقُوْلُ هَلْ مِنْ زِيَادَةٍ.

## 17- كۆنۈكمە

تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنى سۈنئىي مَصْدَرگە ئايلاندۇرۇڭ ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى ئۆزگەرتىڭ.

1. اَشُكُّ فِي (شَاعِرٍ) عَادِلٍ؛ فَهُوَلَايَعْرِفُ وَزْنَ الشِّعْرِ.
2. اَلْأَمْنُ (مَسْئُوْلٌ) جَمَاعِيَّةٌ.
3. لِلْمُجْرِمِيْنَ (نَفْسٌ) مَرِيْضَةٌ.
4. ثَبَتَ (فَرْضُ) الزَّكَاةِ فِي الْإِسْلَامِ بِالْآيَاتِ الْقُرْآنِيَّةِ.
5. اَلْإِسْلَامُ لَايُقِرُّ الـ (عُنْصُرَ).
6. تَظْهَرُ (شَخْصُ) الْأَدِيْبِ مِنْ خِلَالِ اَعْمَالِهِ.

# 18ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىدە كەلگەن مَصْدَرمرة بىلەن مَصْدَر هَيْئَةنى ئايرىڭ.

1. جَلَسَ الطِّفْلُ الْيَوْمَ جِلْسَةً.
2. فَرِحَ مُحَمَّدْ طَاهِرْ بِنَجَاحِهِ فَرْحَةَ الْمُنْتَصِرِ.
3. جَلَسَ مَحْمُودُ جِلْسَةَ الْمُتَكَبِّرِ.
4. ضَرَبَ الشُّرْطِيُّ اللِّصَّ ضَرْبَةً.
5. اَلتَّيَمُّمُ ضَرْبَتَانِ: ضَرْبَةٌ لِلْوَجْهِ وَضَرْبَةٌ لِلْيَدَيْنِ إِلَي الْمِرْفَقَيْنِ.
6. لِلصَّائِمِ فَرْحَتَانِ: فَرْحَةٌ عِنْدَ إِفْطَارِهِ وَفَرْحَةٌ عِنْدَ لِقَاءِ رَبِّهِ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَصَدَ يَقْصِدُ قَصْدًا مَقْصَدًا | كۆزلىمەك | وَعَدَ يَعِدُ وَعْدًا، مَوْعِدٌ | ۋەدە قىلماق |
| اِلْتَقَى يَلْتَقِي اِلْتِقَاءً، مُلْتَقًى | ئۇچراشماق | اِسْتَقَرَّ يَسْتَقِرُّ اِسْتِقْرَارًا، مُسْتَقَرٌّ | مۇقىملاشماق |
| اِرْتَبَطَ يَرْتَبِطُ اِرْتِبَاطًا، مُرْتَبَطٌ | باغلىق بولماق | اِعْتَقَدَ يَعْتَقِدُ اِعْتِقَادًا، مُعْتَقَدٌ | ئېتىقاد قىلماق |
| سَعْيُكَ | تىرىشچانلىقىڭ | شَبَابٌ | ياشلىق |
| شَيْبٌ | قېرىلىق | نَهَمٌ | ئاچكۆز، تويماس |
| اَشُكُّ | شەكلىنىمەن | اَلْأَمْنُ | خاتىرجەملىك، تىنچلىق |
| مُجْرِمِينَ | گۇناھكارلار | ثَبَتَ | مۇستەھكەم بولدى |
| عُنْصُرٌ | ئىرق، گورۇھ | مُنْتَصِرٌ | غەلىبە قىلغۇچى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شُرْطِيٌّ | ساقچى | لِصٌّ | ئوغرى |
| يَدَيْنِ | ئىككى قول | مِرْفَقٌ | جەينەك |
| صَائِمٌ | روزىدار | فَرْحَةٌ | خوشاللىق |

## § 8 . اَلْمَصْدَرُ وَمُشْتَقَّاتُهُ

### مصدر ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى

مەلۇم بولغىنىدەك، اِسْمِ مَصْدَر بارلىق اِسْمٌ مُشْتَقٌّ (ياسالما ئىسىم) ۋە فِعْلٌ مُشْتَقٌّ (ياسالما پېئىل) لەرنىڭ ياسىلىش مەنبەسىدۇر.

دېمەك، ھەر بىر مَصْدَردىن ئالتە تۈرلۈك پېئىل ۋە ئالتە تۈرلۈك ئىسىم إِشْتِقَاقْ قىلىنىپ يەنى شاخلىنىپ چىقىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. اَفْعَالٌ مُشْتَقَّةٌ (مشتق پېئىللار)

مەسىلەن: فَتْحٌ، مَصْدَرْ، ئاچماق

1) فَتَحَ (ئاچتى) فِعْل مَاضِي (ئۆتكەن زامان پېئىلى)

2) يَفْتَحُ (ئاچىدۇ) فِعْلٌ مُضَارِعٌ (كېلىدىغان زامان پېئىلى)

3) اِفْتَحْ (ئاچ) فِعْلُ أَمْرٍ (بۇيرۇق پېئىلى)

4) لَمْ يَفْتَحْ (ئاچمىدى) فِعْلُ جَحْدٍ (ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى)

5) لَايَفْتَحُ (ئاچمايدۇ) فِعْلُ نَفْيٍ (كېلىدىغان زامان بولۇش-سىز پېئىلى)

6) لَاتَفْتَحْ (ئاچما) فِعْلُ نَهْيٍ (چەكلەش پېئىلى)

2. أَسْمَاءٌ مُشْتَقَّةٌ (مشتق ئىسملار)

1) فَاتِحٌ (ئاچقۇچى) اِسْمُ فَاعِلْ (ھەرىكەت ئىگىسى)

2) مَفْتُوحٌ (ئېچىلغۇچى) اِسْمُ مَفْعُولْ (ھەرىكەت ئوبيېكتى)

3) مَفْتَحٌ (ئاچقان چاغ) اِسْمُ زَمَانٍ (ۋاقىت ئىسمىدىشى)

4) مَفْتَحٌ (ئاچىدىغان جاي) اِسْمُ مَكَانٍ (ئورۇن ئىسمىدىشى)

5) مِفْتَاحٌ (ئاچقۇچ) اِسْمُ اَلَةٍ (ۋاستە ئىسمىدىشى)

6) اَفْتَحُ (ياخشىراق ئاچقۇچى) اِسْمُ تَفْضِيلٍ (ئارتتۇرۇش ئىسمىدىشى).

## 19- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ.

-1-

| مَصْدَرْ | مَاضِي | مُضَارِعْ | اَمْرُ | جَحْدْ | نَفِي | نَهِي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قِرَاءَةٌ | قَرَأَ | يَقْرَأُ | إِقْرَأْ | لَمْ يَقْرَأْ | لَايَقْرَأُ | لَاتَقْرَأْ |
| خُرُوجٌ | خَرَجَ | يَخْرُجُ | أُخْرُجْ | لَمْ يَخْرُجْ | لَايَخْرُجُ | لَاتَخْرُجْ |
| دُخُولٌ | دَخَلَ | يَدْخُلُ | أُدْخُلْ | لَمْ يَدْخُلْ | لَايَدْخُلُ | لَاتَدْخُلْ |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جُلُوسٌ | جَلَسَ | يَجْلِسُ | إِجْلِسْ | لَمْ يَجْلِسْ | لَايَجْلِسُ | لَاتَجْلِسْ |
| عَمَلٌ | عَمِلَ | يَعْمَلُ | إِعْمَلْ | لَمْ يَعْمَلْ | لَايَعْمَلُ | لَاتَعْمَلْ |
| عِلْمٌ | عَلِمَ | يَعْلَمُ | إِعْلَمْ | لَمْ يَعْلَمْ | لَايَعْلَمُ | لَاتَعْلَمْ |
| رُكُوعٌ | رَكَعَ | يَرْكَعُ | إِرْكَعْ | لَمْ يَرْكَعْ | لَايَرْكَعُ | لَاتَرْكَعْ |

—2—

| مَصْدَرٌ | اِسْمُ فَاعِلٍ | اِسْمُ مَفْعُولٍ | اِسْمُ زَمَانٍ | اِسْمُ مَكَانٍ | اِسْمُ آلَةٍ | اِسْمُ تَفْضِيلٍ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كِتَابَةٌ | كَاتِبٌ | مَكْتُوبٌ | مَكْتَبٌ | مَكْتَبٌ | مِكْتَابٌ | أَكْتَبُ |
| سُجُودٌ | سَاجِدٌ | مَسْجُودٌ | مَسْجَدٌ | مَسْجَدٌ | مِسْجَادٌ | أَسْجَدُ |
| عِبَادَةٌ | عَابِدٌ | مَعْبُودٌ | مَعْبَدٌ | مَعْبَدٌ | مِعْبَادٌ | أَعْبَدُ |
| فَتْحٌ | فَاتِحٌ | مَفْتُوحٌ | مَفْتَحٌ | مَفْتَحٌ | مِفْتَاحٌ | أَفْتَحُ |
| عَمَلٌ | عَامِلٌ | مَعْمُولٌ | مَعْمَلٌ | مَعْمَلٌ | مِعْمَالٌ | أَعْمَلُ |
| عِلْمٌ | عَالِمٌ | مَعْلُومٌ | مَعْلَمٌ | مَعْلَمٌ | مِعْلَامٌ | أَعْلَمُ |
| طَبْعٌ | طَابِعٌ | مَطْبُوعٌ | مَطْبَعٌ | مَطْبَعٌ | مِطْبَاعٌ | أَطْبَعُ |

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| خَرَجَ | چىقتى | عَمِلَ | ئىشلىدى |
| عَلِمَ | بىلدى | رَكَعَ | روكوقىلدى |
| صَعِدَ | ئۆرلىدى | دَرَسَ | ئۆگەندى |
| حَفِظَ | يادلىدى | هَبَطَ | چۈشتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| فَحَصَ | تەكشۈردى | اَلرَّفْعُ | كۆتۈرمەك |
| اَلْجُحُودُ | ئىنكار قىلماق | اَلْفَرْضُ | بەلگىلىمەك |
| اَلرَّحْمَةُ | كۆيۈنمەك | اَلْخَتْمُ | تۈگەتمەك |
| اَلشَّهَادَةُ | گۇۋاھلىق بەرمەك | اَلطَّبْعُ | بېسىش |

## تصريف

تصريف (تۈرلەش) ئۆزگەرتىپ خىلمۇ خىل قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي ئۇنىڭغا تۈرلۈك گراماتىكىلىق مەنىلەرنى بېرىش ئۈچۈن ئەسلى سۆزگە ھەرپ قوشۇش، ھەرپ ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل تۈرلىنىش تۈرلىنىدىغان پېئىللاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. اَفْعَالُ مُشْتَقَّةُ نىڭ تۈرلىنىشى

ئەرەب تىلىدا پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى قانۇنىيەتلىك بولۇپ، بۇخىل قانۇنىيەتلەرنى پۇختا ئىگىلەش پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئاچقۇچىنى ئىگىلىگەنلىك بولىدۇ.

پېئىللار بىلدۈرىدىغان ئىش - ھەرىكەت بەلگىلىك بىر ۋاقىتقا باغلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ قىلغۇ-

چىسى بولىدۇ. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قىلغۇچىسى بولسا فاعل يەنى ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلغۇچى ھەرىكەت ئىگىسى دەپ ئاتىلىدۇ. فاعل پېئىل بىلەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بىللە بولىدۇ. يەنى بىر قىسىم پېئىللارنىڭ فَاعِلِ پېئىل بىلەن ئاشكارا ئىپادىلىنىسە، يەنە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ فَاعِلِ ضَمِيْرْ مُسْتَتِرَةْ (يوشۇرۇن ئالماش) لار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ضَمِيْرلەرگە بېقىنىدىغان بولغاچقا، بۇيرۇق پېئىللاردىن باشقا بارلىق پېئىللارنىڭ مَعْلُوْمْ ۋە مَجْهُوْلْ شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۈرلىنىشى مُتَكَلِّمْ (بىرىنچى شەخس) مُخَاطَبْ (ئىككىنچى شەخس)، غَائِبْ (ئۈچىنچى شەخس) لەر بويىچە كەلگەن 14 ضَمِيْر غا ئوخشاش شەخسلەر بويىچە 14 «صيغة» يەنى مورفولوگىيىلىك شەكىل بىلەن تۈرلىنىدۇ. قىسمەن «ضمير» لەر شەكىل جەھەتتىن ئورتاقلىقىقا ئىگە بولغاندەك، پېئىللارمۇ شەكىل جەھەتتىن ئورتاقلىقىقا ئىگە. بۇنىڭ مەنىسى جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

1) فِعْلْ مَاضِي مَعْلُوْمْ ۋە ئۇنىڭ تۈرلىنىشى

فِعْل مَاضِى مَعْلُوم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| تَصْرِيْفْ | | مَعَانِى | صِيْغَةُ |
|---|---|---|---|
| اَفْعَالْ | ضَمَائِرْ | | عَدَدْ نَوْعْ شَخْصْ |
| فَتَحَ | هُوَ | ئاچتى بىرسى | وَاحِدْ مُذَكَّرِغَائِبْ مَعْلُوْمْ فِعْل مَاضِى |
| فَتَحَا | هُمَا | ئاچتى ئىككىسى | مُثَنّي مُذَكَّرِغَائِبَيْنِ مَعْلُوْمْ فِعْلُ مَاضِى |
| فَتَحُوا | هُمْ | ئاچتىلەر | جَمْعُ مُذَكَّرِغَائِبِيْنَ مَعْلُوْمْ فِعْل مَاضِى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَاحِدَة مُؤَنَّث غَائِبَة مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتى بىرى | هِيَ | فَتَحَتْ |
| مُثَنّي مُؤَنَّث غَائِبَتَيْنِ معلوم فِعْل مَاضِي | ئاچتى ئىككىسى | هُمَا | فَتَحَتَا |
| جَمْعُ مُؤَنَّث غَائِبَات مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىلەر | هُنَّ | فَتَحْنَ |
| وَاحِدْ مُذَكَّر مُخَاطَبْ مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭ | اَنْتَ | فَتَحْتَ |
| مُثَنّي مُذَكَّر مُخَاطَبَيْنِ مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭلار ئىككىلەن | اَنْتُمَا | فَتَحْتُمَا |
| جَمْعُ مُذَكَّر مُخَاطَبِيْنَ مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭلار | اَنْتُمْ | فَتَحْتُمْ |
| وَاحِدَة مُؤَنَّث مُخَاطَبَة مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭ | اَنْتِ | فَتَحْتِ |
| مُثَنّى مُؤَنَّث مُخَاطَبَتَيْنِ مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭلار ئىككىيلەن | اَنْتُمَا | فَتَحْتُمَا |
| جَمْعُ مُؤَنَّث مُخَاطَبَات مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىڭلار | اَنْتُنَّ | فَتَحْتُنَّ |
| مُشْتَرَكْ وَاحِدِ مُتَكَلِّمْ مَعْلُوم فِعْل مَاضِي | ئاچتىم | اَنَا | فَتَحْتُ |
| مُشْتَرَكْ مُثَنّي وَ جَمْع مُتَكَلِّم مَعْلُوم فِعْل ماضى | ئاچتۇق | نَحْنُ | فَتَحْنَا |

اَلْمِثَالُ:

مُحَمَّدٌ ذَهَبَ اِلَي الْمَدْرَسَةِ.

مُحمدٌ وَ خَالِدٌ ذَهَبَا اِلَي الْمَدرَسَةِ.

مُحمدٌ، خَالِدٌ وَعُمَرُ ذَهَبُوا اِلَي الْمَدرَسَةِ.

فَاطِمَةُ ذَهَبَتْ اِلَي الْمَدْرَسَةِ.

فَاطِمَةُ وَعَائِشَة ذَهَبَتَا اِلَى الْمَدْرَسَةِ.

فَاطِمَةُ وَعَائِشَةُ وَزَيْنَبُ ذَهَبْنَ اِلَي المدرسةِ.

يَامُحَمَّدُ هَلْ اَنْتَ ذَهَبْتَ اِلَي الْمَدرسةِ؟

نَعَمْ، ذَهَبْتُ اِلَي الْمَدْرَسَةِ.

يَامحَمَّدُ وَخَالِدُ هَلْ اَنْتُمَا ذَهَبْتُمَا اِلَي الْمَدْرَسَةِ؟

نَعَمْ، ذَهَبْنَا اِلَي الْمَدْرَسَةِ.

اَيُّهَا الزُّمَلَاءُ هَلْ اَنْتُمْ ذَهَبْتُمْ اِلَي الْمَدْرَسَةِ؟

نَعَمْ ذَهَبْنَا اِلَي الْمَدْرَسَةِ.

يَافَاطِمَةُ هَلْ اَنْتِ ذَهَبْتِ اِلَي الْمَدْرَسَةِ؟
نَعَمْ، ذَهَبْتُ.

يَا فَاطمة وَزَيْنَبُ هَلْ اَنْتُمَا ذَهبْتُمَا اِلَي الْمَدْرَسَةِ؟ نعم ذهبنا
يَاأَيَّتُهَا الطَّالِبَاتُ هَلْ اَنْتُنَّ ذَهَبْتُنَّ اِلَي الْمَدْرَسَةِ
نَعَمْ ذَهَبْنَا.

فِعْلَ مَاضِى مَجْهُول نىڭ تۇرلىنىش ئۆلگىسى

| تَصْرِيْفُ | | مَعَانِي | صِيْغَةُ |
|---|---|---|---|
| افعال | ضمائر | | عَدَدُ نَوْعُ شَخْصُ |
| فُتِحَ | هُوَ | ئېچىلدى بىرسى | وَاحِدْ مُذَكَّرْغَائِبْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحَا | هُمَا | ئېچىلدى ئىككىسى | مُثَنَّى مُذَكَّرْ غَائِبَيْنِ مَجْهُولْ فِعْل مَاضِى |
| فُتِحُوا | هُمْ | ئېچىلدىلەر | جَمْعْ مُذَكَّرْ غَائِبِيْنَ مَجْهُولْ فِعْل مَاضِى |
| فُتِحَتْ | هِيَ | ئېچىلدى بىرسى | وَاحِدَةْ مُؤَنَّثْ غَائِبَةْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحَتَا | هُمَا | ئېچىلدى ئىككىسى | مُثَنَّي مُؤَنَّثْ غَائِبَتَيْنِ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْنَ | هُنَّ | ئېچىلدىلەر | جَمْعُ مُؤَنَّثْ غَائِبَاتْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتَ | اَنْتَ | ئېچىلدىڭ سەن | وَاحِدْ مُذَكَّرْ مُخَاطَبْ مَجْهُولْ فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتُمَا | اَنْتُمَا | ئېچىلدىڭلار، ئىككىڭلار | مُثَنَّيمُذَكَّرْ مُخَاطَبَيْنِ مَجْهُولْ فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتُمْ | اَنْتُمْ | ئېچىلدىڭلار | جَمْعُ مُذَكَّرْ مُخَاطَبِيْنَ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتِ | اَنْتِ | ئېچىلدىڭسەن | وَاحِدَةْ مُؤَنَّثْ مُخَاطَبَةْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتُمَا | اَنْتُمَا | ئېچىلدىڭلار ئىككىڭلار | مُثَنَّي مُؤَنَّثْ مُخَاطَبَتَيْنِ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتُنَّ | اَنْتُنَّ | ئېچىلدىڭلار | جَمْعُ مُؤَنَّثْ مُخَاطَبَاتْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْتُ | اَنَا | ئېچىلدىم | مُشْتَرَكْ وَاحِدْ مُتَكَلِّمْ مَجْهُول فِعْل مَاضِى |
| فُتِحْنَا | نَحْنُ | ئېچىلدۇق | مُشْتَرَكْ مُثَنَّي وَجَمْعُ مُتَكَلِّمْمَجْهُول فِعْل مَاضِى |

## پېئىلنىڭ مەجھۇل قىلىنىشى

ئەگەر پېئىلنىڭ فَاعِل ئېنىق بولسا، بۇ خىل پېئىل فِعْلِ مَعْلُومْ يەنى مەئلوم پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇ پېئىلدا فَاعِلْ ئېنىق بولىدۇ.

ئەگەر فَاعِل ئېنىق بولمىسا فِعْلْ مَجْهُولْ يەنى مەجھول پېئىل دەپ ئاتىلىپ فَاعِلِ ئېنىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

فَتَحَ مُحَمَّدُالْبَابَ (مۇھەممەد ئىشىكنى ئاچتى)

فُتِحَ اَلْبَابُ (ئىشىك ئېچىلدى)

كېيىنكى جۈملىدە كىمنىڭ ئىشىكنى ئاچقانلىقى بىزگە نامەلۇم، يەنى مەجھۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل پېئىل «فِعْلْ مَجْهُولْ»(مەجھول پېئىل) دەپ ئاتالغان مەجھول پېئىللار معلوم پېئىللارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

فعل ماضى مجهول نىڭ ياسىلىشى

قايسى تۈركۈمدىكى پېئىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر فِعْل مَاضِى مَعْلُوم نى مَجْهُول غا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مَعْلُوم پېئىلنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە كَسْرَة ھەرىكەت بېرىلىدۇ، كسرة لىك ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلىك ھەرپكە ضَمَّة يەنى پەش ھەرىكەت بېرىلىدۇ، سوكونلۇق ھەرپ ئۆز ھالىتىدە قالىدۇ. ئەگەر پېئىل «اَجْوَفْ» بولسا مَجْهُول قىلغاندا پېئىلنىڭ «عَيْنِ» «يَاءْ» غا قَلِب قىلىنىدۇ ۋە ياءْ نىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى «ياءْ» غا ماسلاشتۇرۇلۇپ «كَسْرَةَ» گە ئۆزگەرتىلىدۇ.

مەسىلەن:

| مَعْلُومْ | | مَجْهُولْ | |
|---|---|---|---|
| سَمِعَ | ئاڭلىدى | سُمِعَ | ئاڭلاندى |
| تَرَكَ | تاشلىدى | تُرِكَ | تاشلاندى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بَاعَ | ساتتى | بِيعَ | سېتىلدى |
| أَغْلَقَ | تاقىدى | أُغْلِقَ | تاقالدى |
| قَدِمَ | كەلدى | قُدِمَ | كېلىندى |
| اِسْتَحَقَّ | لايىق بولدى | اُسْتُحِقَّ | لايىق بولۇندى |
| تَسَلَّمَ | تاپشۇرۇپ ئالدى | تُسُلِّمَ | تاپشۇرۇپ ئېلىندى |
| دَحْرَجَ | دومىلاتتى | دُحْرِجَ | دومىلىتىلدى |
| قَالَ (قَوَلَ) | دېدى | قِيلَ | دېيىلدى |

اَلْمِثَالُ:

اَلظَّالِمُ ضَرَبَ الْمَظْلُومَ.
هَذَا هُوَ الْمَظْلُومُ الَّذِي ضُرِبَ.
هَاذَانِ هُمَا الْمَظْلُومَانِ اللَّذَانِ ضُرِبَا.
هٰؤُلاءِ هُمُ الْمَظْلُومُونَ الَّذِيْنَ ضُرِبُوا.
هٰذِهِ هِيَ الْمَظْلُومَةُ الَّتِي ضُرِبَتْ.
هَاتَانِ هُمَا الْمَظْلُومَتَانِ اللَّتَانِ ضُرِبَتَا.
هٰؤُلاءِ هُنَّ المظلومات اللاتِي ضُرِبْنَ.
هَلْ اَنْتَ ضُرِبْتَ؟
نَعَمْ، اَنَا ضُرِبْتُ.
هَلْ اَنْتُمَا ضُرِبْتُمَا؟
نَعَمْ، نَحْنُ ضُرِبْنَا.
هَلْ اَنْتُمْ ضُرِبْتُمْ؟
نَعَمْ، نَحْنُ ضُرِبْنَا.
هَلْ اَنْتِ ضُرِبْتِ.
نَعَمْ، اَنَا ضُرِبْتُ.
هَلْ اَنْتُمَا ضُرِبْتُمَا؟
نَعَمْ، نَحْنُ ضُرِبْنَا.
هَلْ اَنْتُنَّ ضُرِبْتُنَّ؟
نَعَمْ نَحْنُ ضُرِبْنَا.

2) فِعْل مُضَارِع مَعْلُوم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىنىشى

مەلۇمكى فِعْلْ مُضَارِعْ ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى شۇ ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدۇر. بۇ ھەم يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك 14 صيغة بىلەن تۈرلىنىدۇ.

فِعْل مُضَارِع مَعْلُوم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| تَصْرِيْف | | مَعَانِي | صِيْغَة |
|---|---|---|---|
| اَفْعَال | ضَمَائِر | | عَدَدْ نَوْعْ شَخْصْ |
| يَفْتَحُ | هُوَ | ئاچىدۇ بىرسى | وَاحِدْمُذَكَّرْ غَائِبْ مَعْلُومْ فِعْلْ مُضَارِعْ |
| يَفْتَحَانِ | هُمَا | ئاچىدۇ ئىككىسى | مُثَنَّي مُذَكَّرْ غَائِبَيْنِ مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| يَفْتَحُونَ | هُمْ | ئاچىدۇلەر | جَمْع مُذَكَّر غَائِبِيْن مَعْلُوم فِعْلْ مُضَارِع |
| تَفْتَحُ | هِيَ | ئاچىدۇ بىرسى | وَاحِدَةُ مُؤَنَّثْ غَائِبَة مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحَانِ | هُمَا | ئاچىدۇ ئىككىسى | مُثَنَّي مُؤَنَّث غَائِبَتَيْنِ مَعْلُوم فعل مضارع |
| يَفْتَحْنَ | هُنَّ | ئاچىدۇلەر | جَمْعُ مُؤَنَّث غَائِبَات مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحُ | اَنْتَ | ئاچىسەن | وَاحِدمُذَكَّر مُخَاطَبْ مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحَانِ | اَنْتُمَا | ئاچىسىلە ئىككىڭلار | مُثَنَّي مُذَكَّر مُخَاطَبَيْنِ مَعْلُوم فِعْل مُضَارع |
| تَفْتَحُونَ | اَنْتُمْ | ئاچىسىلەر | جَمْع مُذَكَّرمُخَاطَبِيْنَ مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحِيْنَ | اَنْتِ | ئاچىسەن | وَاحِدَة مُؤَنَّث مُخَاطَبَة مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحَانِ | اَنْتُمَا | ئاچىسىلەر ئىككىڭلار | مُثَنَّيمُؤَنَّثْ مُخَاطَبَتَيْنِ مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| تَفْتَحْنَ | اَنْتُنَّ | ئاچىسىلەر | جَمْعُ مُؤَنَّثْ مُخَاطَبَاتْ مَعْلُوم فِعْل مضارع |
| اَفْتَحُ | اَنَا | ئاچىمەن | مُشْتَرَكْ وَاحِدمُتَكَلِّمْ مَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |
| نَفْتَحُ | نَحْنُ | ئاچىمىز | مُشْتَرَك مُثَنَّي وَ جَمْع مُتَكَلِّممَعْلُوم فِعْل مُضَارِع |

## فِعْلُ مُضَارِعْ مَعْلُومْنىڭ ياسىلىشى

حُرُوفُ الْمُضَارِعَةِ يەنى كېلىدىغان زاماننى ئىپادىلىگۈچى «اَنَيْتُ» سۆزىدىكى «اَلِفْ، نُونْ، يَاءْ، تَاءْ» دىن ئىبارەت تۆت ھەرپنىڭ بىرەرسىنى اَلْفِعْلُ الْمَاضِي نىڭ باش تەرىپىگە، ئۈچ ئۆچ ھەرپلىك فعل بولسا «فَتْحَة» لىك، تۆت ھەرپلىك فعل بولسا «ضَمَّة» لىك قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق فِعْلُ مُضَارِعْ ياسىلىدۇ.

مەسلەن: (ئۈچ ھەرپلىك)

فَتَحَ: اَ+ فْتَحُ = اَفْتَحُ

فَتَحَ: نَ+ فْتَحُ = نَفْتَحُ

فَتَحَ: يَ + فْتَحُ = يَفْتَحُ

فَتَحَ: تَ + فْتَحُ = تَفْتَحُ

(تۆت ھەرپلىك)

دَحْرَجَ. اُ+ دَحْرِجُ = اُدَحْرِجُ

دَحْرَجَ. نُ + دَحْرِجُ = نُدَحْرِجُ

دَحْرَجَ. يُ + دَحْرِجُ = يُدَحْرِجُ

دَحْرَجَ. تُ + دَحْرِجُ = تُدَحْرِجُ

اَلْمِثَالُ:

هُوَ يَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.

هُمَا يَدْرُسَانِ فِي الْمَعْهَدِ.

هُمْ يَدْرُسُونَ فِي الْمَعْهَدِ.

هِيَ تَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.

هُمَا تَدْرُسَانِ فِي الْمَعْهَدِ.

هُنَّ يَدْرُسْنَ فِي الْمَعْهَدِ.

هَلْ اَنْتَ تَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ؟

نَعَمْ، اَنَا اَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.

هَلْ اَنْتُمَا تَدْرُسَانِ فِي الْمَعْهَدِ؟

نَعَمْ، نَحْنُ نَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.

هَلْ أَنْتُمْ تَدْرُسُونَ فِي الْمَعْهَدِ؟
نَعَمْ، نَحْنُ نَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.
هَلْ أَنْتِ تَدْرُسِيْنَ فِي الْمَعْهَدِ؟
نَعَمْ، أَنَا أَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.
هَلْ أَنْتُمَا تَدْرُسَانِ فِي الْمَعْهَدِ؟
نَعَمْ، نَحْنُ نَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.
هَلْ أَنْتُنَّ تَدْرُسْنَ فِي الْمَعْهَدِ؟
نَعَمْ، نَحْنُ نَدْرُسُ فِي الْمَعْهَدِ.

فِعْل مُضَارِع مَجْهُول نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

فِعْلْ مُضَارِع مَجْهُول 14 صيغة بىلەن تۈرلىنىدۇ.

| تَصْرِيْفْ | | مَعَانِى | صِيْغَةْ |
|---|---|---|---|
| أَفْعَالْ | ضَمَائِرْ | | عَدَدْ نَوْعْ شَخْصْ |
| يُفْتَحُ | هُوَ | ئېچىلىدۇ بىرسى | وَاحِدْمذكر غَائِبْ مَجْهُولْ فعل مضارع |
| يُفْتَحَانِ | هُمَا | ئېچىلىدۇ ئىككىسى | مثنّي مذكر غَائِبَيْن مَجْهُول فعل مضارع |
| يُفْتَحُونَ | هُمْ | ئېچىلىدۇلەر | جمع مذكر غائِبِيْنَ مجهول فعل مضارع |
| تُفْتَحُ | هِيَ | ئېچىلىدۇ بىرسى | واحدة مؤنث غَائِبَةُ مجهول فعل مضارع |
| تُفْتَحَانِ | هُمَا | ئېچىلىدۇ ئىككىسى | مثني مؤنّث غَائِبَتَيْنِ مَجْهُولْ فعل مضارع |
| يُفْتَحْنَ | هُنَّ | ئېچىلىدۇلەر | جَمْعُ مؤنث غَائِبَات مجهول فعل مضارع |
| تُفْتَحُ | أَنْتَ | ئېچىلىسەن | وَاحِدمذكر مُخَاطَبْ مَجْهُول فعل مضارع |
| تُفْتَحَانِ | أَنْتُمَا | ئېچىلىسىلەر، ئىككىڭلار | مثنيمذكر مُخَاطَبَيْنِ مجهول فعل مضارع |
| تُفْتَحُونَ | أَنْتُمْ | ئېچىلىسىلەر | جَمْعُ مذكر مُخَاطِبِيْنَ مجهول فعل مضارع |
10. خَائِفْ اِسْم فَاعِل ئەسلىسى، خَاوِفْ توْرلىنىشى دَائِمْ نىڭ توْرلىنىشى ۋە اِعْلال قىلىنىشى بىلەن ئوْخشاش.

11. مَخُوفْ اسْمْ مَفْعُول ئەسلىسى مَخْوُوفْ، توْرلىنىشى ۋە اعلال قىلىنىشى مَدُوم نىڭ توْرلىنىشىۋە اِعلال قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

### 6. بوْ بابنىڭ اَجْوَفْ يَائِي پېئىلى ۋە ئوْنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

هَابَ يَهَابُ مَصْدَر شەكلى هَيْبَةٌ، مَهَابَةٌ ( هەيۋەتلىك بولماق ) كېلىدوْ.

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بوْ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِر دىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدوْ ۋە ئوْلارنىڭ توْرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىندە توْرلىنىدوْ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| هَابَ | (ماضی) | هَائِبٌ | (اسم فاعل) |
| يَهَابُ | (مضارع) | مَهِيْبٌ | (اسم مفعول) |
| هَبْ | (امر) | مَهَابٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَهَبْ | (جحد) | مَهَابٌ | (اسم مكان) |
| لَا يَهَابُ | (نفی) | مِهْيَبٌ | (اسم الة) |
| لَا تَهَبْ | (نهی) | اَهْيَبُ | (اسم تفضيل) |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئى‑سىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## تەھلىل

هَيْبَةٌ نىڭ بارلىق مُشْتَق لىرى تۈرلىنىشتە بَيْعَةٌنىڭ تۈرلى‑نىشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بَاعَ يَبِيْعُ نىڭ مَاضِىدا پېئىلنىڭ «عين» ى فَتْحَەلىك، مُضَارِع دا پېئىلنىڭ «عين» ى كسرەلىك، هَابَ يَهَابُ دا بولسا ئۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە.

1. هَابَ «فَعِلَ» گە باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى هَيِبَ باراۋەر. «يَاءْ» ھەرىكەتلىك، ئالدى فتحة لىك بولغانلىقى ئۈ‑چۈن، «يَاءْ» «الف» گە قَلِب قىلىنىپ «هَابَ» بولغان.

2. يَهَابُ «يَفْعَلُ» گە باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى يَهْيَبُ باراۋەر. «يَاءْ» نىڭ ھەرىكىتى ئالدىدىكى ھەرپكە بېرىلدى، يَهَيْبُ بولدى. ئەسلىدە ھەرىكەتلىك بولغان «يَاءْ» نىڭ ئالدى فَتْحَة لىك بولغانلىقى ئۈچۈن «يَاءْ» «الف» گە قَلِب قىلىنىپ يَهَابُ بولدى.

3. مَهِيْبُ نىڭ اِعْلال قىلىنىشى مَبِيْع نىڭ اعلال قىلىنىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

باشقا صِيْغَة لىرىنىڭ اِعْلَال قىلىنىشىنىمۇ بۇ ھەقتىكى مۇنا‑سىپ قائىدىلەرگە تەتبىقلىسىڭىز بولىدۇ.

### 7. بۇ بابنىڭ نَاقِصْ يَائِي پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

خَشِيَ يَخْشَيَ مَصْدَر شەكلى خَشْيَةٌ(قورقماق) كېلىدۇ.

آقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار‑نىڭ مَصْدِرِدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ

تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| خَشِيَ | (ماضى) | خَاشٍ | (اسم فاعل) |
| يَخْشٰي | (مضارع) | مَخْشِيٌّ | (اسم مفعول) |
| إِخْشَ | (امر) | مَخْشًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَخْشَ | (جحد) | مَخْشًى | (اسم مكان) |
| لَا يَخْشَى | (نفى) | مِخْشًى | (اسم آلة) |
| لَا تَخْشَ | (نهى) | أَخْشٰي | (اسم تفضيل) |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## تەھلىل

خَشْيَةٌ بارلىق تۈرلىنىشتە رَمْيَةٌ نىڭ تۈرلىنىشلىرىگە ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. ئەمما ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي پەرق پېئىلنىڭ «عَيْنِ» نىڭ ھەرىكىتىدىكى پەرقتۇر. يَخْشٰي «يَفْعَلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى يَخْشَيُ باراۋەر، بۇنىڭ اِعْلال قىلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ قائىدىگە تەتبىقلاڭ.

اِخْشَ نىڭ اعلال قىلىنىشى ۋە تۈرلىنىشى اِرْعَ نىڭ تۈرلىنىشى ۋە اِعْلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

## 8. بۇ بابنىڭ نَاقِصْ وَاوِي پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

رَضِيَ يَرْضٰي مَصْدَر شەكلى رِضْوَان (رازى بولماق) كېلىدۇ.

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مەسدەردىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ

تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| رَضِيَ | (ماضى) | رَاضٍ | (اسم فاعل) |
| يَرْضَىٰ | (مضارع) | مَرْضِيٌّ | (اسم مفعول) |
| اِرْضَ | (امر) | مَرْضًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَرْضَ | (جحد) | مَرْضًى | (اسم مكان) |
| لَا يَرْضَىٰ | (نفى) | مِرْضًى | (اسم الة) |
| لَا تَرْضَ | (نهى) | أَرْضَى | (اسم تفضيل) |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## تەھلىل

رِضْوَانٌ نىڭ بارلىق مشتق لىرى تۈرلىنىشتە رَمْيٌ نىڭ مشتق لىرىنىڭ تۈرلىنىشىگە ئوخشايدۇ، ئەمما اِعْلَال جەھەتتە قىسمەن پەرق مەۋجۇت.

1. رَضِيَ يَرْضَىٰ «فَعِلَ يَفْعَلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى رَضِوَ يَرْضَوُ باراۋەر. بۇنىڭ اِعْلَال قىلىنىشى دُعِيَ يُدْعَىٰ نىڭ اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

بۇ پېئىل نىڭ مَاضِى سىنىڭ غَائِبِيْن صيغة سىدە يەنى رَضُوا دا «فِعلْ» نىڭ «لَامِ» مَحْذُوف، بۇنىڭ اعلال قىلىنىشى رَمَوْا نىڭ اعلال قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

بۇ پېئىلنىڭ مُضَارِع نىڭ تۈرلىنىشى ۋە اِعْلَال قىلىنىشى يُدْعَىٰ نىڭ تۈرلىنىشى ۋە اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش. باشقىلىرىنىڭ اِعْلَال قىلىنىشى رَمَىٰ يَرْمِي نىڭ اِعْلَال قىلىنىشىغا ئوخشاش بولىدۇ.

## 9. بۇ بابنىڭ لَفِيْف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

قَوِيَ يَقْوِيْ مصدر شەكلى قُوَّةٌ (كۈچلۈك بولماق) كېلىدۇ. ئاقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مصدردىن بارلىق مُشْتَق لىرىتوۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەز-نىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَوِيَ | (ماضى) | قَوِيٌّ | (صفةمشبهة) |
| يَقْوِىْ | (مضارع) | مَقْوِيٌّ | (اسم مفعول) |
| اِقْوَ | (امر) | مَقْوىً | (اسم زمان) |
| لَمْ يَقْوَ | (جحد) | مَقْوىً | (اسم مكان) |
| لاَيَقْوى | (نفى) | مِقْوىً | (اسم الة) |
| لاَتَقْوَ | (نهى) | اَقْوىٰ | (اسم تفضيل) |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئىسىملار-نىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

### تەھلىل

1. قُوَّةٌ مَصْدَرْ ئۇ «فُعْلَةٌ» گە باراۋەر ئەمەس، ئەسلىسى قُوْوَةٌ باراۋەر. اِدْغَام نىڭ شەرتى ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن «وَاْو» نى «وَاو» غا ادغام قىلىپ قُوَّةٌ قىلغان.

2. قَوِيَ ئەسلىدە قَوِوَ، ئاخىرىدىكى «وَاوْ» دُعِيَ گە تەتبىقلا-نغان قائىدىگە ئاساسەن قَوِيَ گە ئۆزگەرتىلگەن.

3. يَقْوِى «يَفْعَلُ» گە باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى يَقْوَوُ باراۋەر. بۇنىڭ اِعْلَال قىلىنىشى يُدْعىٰ نىڭ اعلال قىلىنىشىغا

ئوخشاش.

4. قَوِيٌّ صفةمشبهة بۇ «فَعِيلٌ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى قَوِيْوٌ باراۋەر. بىرىنچىسى ساكىنلىق «واو، ياء» بىر كلمة دە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «وَاوْ» «يَاءْ» غا قَلِب قىلىنىپ، قَوِيْيٌ بولدى. بۇ ھالەتتە ادغام نىڭ شەرتى ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى «ياء» ئىككىنچى «ياء» غا ادغام قىلىنىپ، قَوِيٌّ بولدى. بۇ تۆۋەندىكى ئالتە صيغة دە تۈرلىنىدۇ: قَوِيٌّ، قَوِيَّانِ قَوِيُّونَ، قَوِيَّةٌ، قَوِيَّتَانِ، قَوِيَّاتٌ.

5. مَقْوِيٌّ اسم مفعول ئۇ «مَفْعُولٌ» غا باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسلىسى مَقْوُوْوٌ باراۋەر. «واو» مەلۇم بىر سۆزنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپى بولۇپ، ئالدى ضمة لىك بولمىسىلا ھەر قانداق ئەھۋالدا «واو» «ياء» غا قلب قىلىنىدۇ، دېگەن قائىدىگە ئاساسەن، مَقْوُوْوٌ نىڭ ئاخىرىدىكى «وَاوْ» «يَاءْ» غا قلب قىلىنىپ مَقْوُوْيٌ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرقى «واو» «ياء» غا قَلب قىلىنىپ مَقْوُيْيٌ بولدى. بۇ ھالەتتە ادغام نىڭ شەرتى ھاسىل بولدى. «ياء» نى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن «ياء» نىڭ ئالدىغا كسرة ھەرىكەت بېرىلىپ ادغام قىلىنىدى. مَقْوِيٌّ بولدى.

باشقا مشتق لىرىنىڭ اِعْلَال قىلىنىشى «يَقْوَى» نىڭ اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

## 10. بۇ بابنىڭ لَفِيْف پېئىلىنىڭ يەنە بىر مىسالى ۋە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

حَيِيَ يَحْيٰ نىڭ مصدر شەكلى حَيٰوة مَحْيًا (تىرىك بولماق)

كېلىدۇ. ئەگەر حَيَاءٌ دەپ كەلسە، هايا قىلماق مەنىسىدە بولىدۇ.

آقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِرِدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَيِيَ | (ماضى) | حَيٌّ | (صفةمشبهة) |
| يَحْيٰي | (مضارع) | مَحْيً | (اسم زمان) |
| اِحْيَ | (امر) | مَحْيٰي | (اسم مكان) |
| لَمْ يَحْيَ | (جحد) | مِحْيَاءٌ | (اسم الة) |
| لَا يَحْيٰي | (نفى) | اَحْيٰي | (اسم تفضيل) |
| لَا تَحْيَ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئىسىملار-نىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## تەھلىل

1. حَيِيَ ئەسلىدە حَيِوَ ئىدى. بۇنىڭ اِعْلال قىلىنىشى دُعِيَ نىڭ اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

2. يَحْيٰي «يَفْعَلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى يَحْيَوُ باراۋەر. ئۇنىڭ اِعْلال قىلىنىشى يُدْعٰى نىڭ اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

3. حَيٌّ ئەسلىدە حَيْوٌ بىرىنچىسى ساكىن بولغان «يَاءٌ» بىلەن «وَاو» بىر كلمەدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن «وَاوْ» «ياءٌ» غا

قلب قىلىنىپ حَيْيٌ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى «ياء» ئىككىنچى «ياء» غا ادغام قىلىنىپ حَيٌّ بولدى.

## 11. بۇ بابنىڭ مُلْتَوِى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

وَجِيَ يَوْجَى مَصْدَر شەكلى وَجْيٌ كېلىدۇ. (پۇت قاپارماق) اَقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكلىدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِرِ دىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَجِيَ | (ماضى) | وَجٍ | (صفةمشبهة) |
| يَوْجَى | (مضارع) | مَوجًى | (اسم زمان) |
| اِيْجَ | (امر) | مَوْجًى | (اسم مكان) |
| لَم يَوْجَ | (جحد) | مِيْجَاءٌ | (اسم الة) |
| لَايَوْجَى | (نفى) | اَوْجَى | (اسم تفضيل) |
| لَاتَوْجَ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ پېئىل ۋە ئە-سىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

### تەھلىل

1. وَجِيَ نىڭ تۈرلىنىشى ۋە اِعْلال قىلىنىشى رَمَيَ نىڭ تۈرلىنىشى ۋە اِعْلال قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

2. يَوْجَى «يَفْعَلُ» غا باراۋەر كەلمەس. ئۇنىڭ ئەسلىسى يَوْجَيُ

باراۋەر. بۇنىڭ اِعْلال قىلىنىشى يَرْعَىُ نىڭ اعلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

3. وَجٍ صفةمشبهة «فَعِلٌ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى وَجِيٌ باراۋەر. بۇنىڭ اِعْلال قىلىنىشى رَامٍ نىڭ اِعْلال قىلىنىشىغا ئوخشاش.

4. اِيْجَ ئەسلىدە اِوْجَ، «وَاوْ» ساكىن ئالدى كَسْرَة لىك بولغاچقا، بۇ «وَاوْ» «ياءْ» غا «قَلِب» قىلىنىپ اِيْجَ بولغان.

5. مِيْجَاءٌ ۋەزىندە «مِفْعَالٌ» غا باراۋەر، ئۇنىڭ ئەسلىسى مِوْجَايٌ. بۇنىڭدا «واو» «ياءْ» غا «ياءْ» ھەمزىگە قَلِب قىلىنغان.

## 13- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى مصدرلەردىن مشتق لىرىنى كەلتۈرۈڭ ۋە «اقسام» لىرىنى بايان قىلىپ بارلىق تۈرلىنىشتە تۈرلەڭ.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| نَوْمٌ | نَيْلٌ | خَيَالٌ |
| لِقَاءٌ | شَقَاوَةٌ | غَشْيٌ |

## 14- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ ھەر بىر مُشْتَقّ نىڭ صيغةسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1. نَامَ زُمَلَائِي وَلَمْ اَنَمْ.
2. نَمْ مُبَكِّرًا يَا عَبْدَاللّٰهِ وَقُمْ مِنْ مَقَامِكَ مُبَكِّرًا.

3. «لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّحَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّاتُحِبُّونَ».
4. نَسِيَ خَالِدٌ مَاقُلْتُ لَهُ أَمْسِ.
5. يَا أُمَّهَاتُ هَلْ رَضِيتُنَّ عَنْ أَبْنَائِكُنَّ.
6. يَا أَبْنَائِي إِبْقُوا فِي الْمَكْتَبَةِ حَتَّى السَّاعَةِ الْعَاشِرَةِ.
7. فِي قَرْيَتِي يَصْحُو الْفَلَّاحُونَ فِي الصَّبَاحِ الْبَاكِرِ. وَيَمْشُونَ إِلَى الْحُقُولِ، وَإِذَا لَقِيَ بَعْضُهُمْ بَعْضًا يُسَلِّمُونَ بِبَشَاشَةٍ. وَيَعْمَلُونَ بِهِمَّةٍ وَ نَشَاطٍ ثُمَّيَعُودُونَ إِلَى بُيُوتِهِمْ بَعْدَ عَمَلٍ يَرْضَوْنَ عَنْهُ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| نَامَ يَنَامُ نَوْمًا | ئۇخلىماق | نَالَ يَنَالُ نَيْلًا | يەتمەك |
| خَالَ يَخِيلُ خَيَالًا | خىيال قىلماق | لَقِيَ يَلْقَى لِقَاءً | ئۇچراشماق |
| غَشِيَ يَغْشَى غَشْيًا | ياپماق | شَقِيَ يَشْقَى شَقَاوَةً | بەختسىز بولماق |
| مُبَكِّرٌ، بَاكِرٌ | بالدۇر، ئەتىگەن | بِرٌّ | ياخشىلىق |
| أَنْفَقَ يُنْفِقُ إِنْفَاقًا | خىراجەت قىلماق | مَكْتَبَةٌ ج مَكْتَبَاتٌ | كۇتۇپخانا، كىتابخانا |
| قَرْيَةٌ ج قُرًى | يېزا، قىشلاق | صَحَا يَصْحُو صَحْوَةً | ئويغانماق |
| فَلَّاحٌ ج فَلَّاحُونَ | دېھقان | صَبَاحٌ | ئەتىگەن |
| حَقْلٌ ج حُقُولٌ | ئېتىز | بَشَاشَةٌ | ئوچۇق چىراي |

## 5. فَعِلَ يَفْعِلُ بابى

اَلْمُجَرَّدُالثُّلَاثِى نىڭ بەشىنچى بابى مَاضِى ۋە مُضَارِع دا پېئىل۔ نىڭ «عَيْن» كىسرة لىك بولغان «فَعِلَ يَفْعِلُ» بابىدۇر. بۇ بابنىڭ مَصْدَرلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئالتە خىل ۋەزىندە كېلىدۇ. بۇ بابتا سَالِمْ، مِثَال، مُلْتَوِى دىن باشقىلىرى ئاساسەن كەلمەيدۇ.

| مَعَانى | مَصَادِر | مَاضِى مُضَارِع | اَوْزَان | رَقْم |
|---|---|---|---|---|
| ئىشەنچ باغلىماق | ثِقَةٌ | وَثِقَ يَثِقُ | عِلَةٌ | 1 |
| يامانلىقتىن يىغلىماق | وَرِعَةٌ | وَرِعَ يَرِعُ | فَعِلَةٌ | 2 |
| ياردەم قىلماق | وَلَايَةٌ | وَلِيَ يَلِيُ | فَعَالَةٌ | 3 |
| يامانلىقتىن پاك بولماق | وِرْعٌ | وَرِعَ يَرِعُ | فِعْلٌ | 4 |
| ياردەم قىلماق | وِلَايَةٌ | وَلِيَ يَلِيُ | فِعَالَةٌ | 5 |
| يېقىن بولماق | وَلْيٌ | وَلِيَ يَلِيُ | فَعْلٌ | 6 |

### 1. بۇ بابنىڭ سَالِم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

نَعِمَ يَنْعِمُ نىڭ مَصْدَر شەكلى نِعْمَةٌ، نُعُومَةٌ (نىمەتلىك بول۔ ماق) كېلىدۇ.

آقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار۔ نىڭ مَصْدَرىدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مشتىق لەرنىڭ ۋەزىنگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| نَعِمَ | (ماضی) | نَعِيْمٌ | (صفة مشبهة) |
| يَنْعِمُ | (مضارع) | مَنْعِمٌ | (اسم زمان) |
| إِنْعِمْ | (امر) | مَنْعِمٌ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَنْعِمْ | (جحد) | مِنْعَمٌ | (سم الة) |
| لَايَنْعِمُ | (نفی) | اَنْعَمُ | (اسم‌تفضيل) |
| لَاتَنْعِمْ | (نهی) | | |

بۇلارنىڭ تۇرلىنىشلىرى سَالم پېئىللارنىڭ ۋە سالم مشق ئىسىم-لارنىڭ تۇرلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

## 2. بۇ بابنىڭ مِثَال پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگۈرۈشلىرى

وَرِثَ يَرِثُ نىڭ مَصْدَر شەكلى وِرَاثَةٌ، إِرْثٌ،رِثَةٌ(مىراس ئالماق) كېلىدۇ.

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِردىن بارلىق مشق لىرى تۆۋەندىكى مشق لەرنىڭ ۋەزىن-گە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلە-مىلىرىنىڭ ۋەزىندە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَرِثَ | (ماضی) | وَارِثٌ | (اسم فاعل) |
| يَرِثُ | مضارع) | مَوْرُوثٌ | (اسم مفعول) |
| رِثْ | (امر) | مَوْرِثٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَرِثْ | (جحد) | مَوْرِثٌ | (اسم مكان) |
| لَايَرِثُ | (نفی) | مِيرَاثٌ | (اسم الة) |
| لَاتَرِثْ | (نهی) | اَوْرَثُ | (اسم‌تفضيل) |

## تەھلىل

1. مَاضِى دا إِعْلَال يوق باشقىلىرىنىڭ إِعْلَال قىلىنىشى ۋئىب يئىب نىڭ اعلال قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

2. نَفِى مَجْهُول ۋە نَهِى مَجْهُول تۈرلىنىش جەھەتتە ۋە ھەرىكەت ئۆزگىرىشىدە مُضَارِع مَجْهُول ۋە جَحْد مَجْهُول غا ئوخشاش بولىدۇ.

### 3. بۇ بابنىڭ ملتوى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

وَلِيَ يَلِيْ بۇنىڭ مصدر شەكلى وَلْيٌ، وَلَايَةٌ كېلىدۇ. اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مصدر-دىن بارلىق مشق لىرى تۆۋەندىكى مشق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنملىرىنىڭ ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَلِيَ | (ماضى) | وَالٍ | (اسم فاعل) |
| يَلِي | (مضارع) | مَوْلِيٌّ | (اسم مفعول) |
| لِ | (امر) | مَوْلَىً | (اسم زمان) |
| لَمْ يَلِ | (جحد) | مَوْلِيٌّ | (اسم مكان) |
| لَايَلِي | (نفي) | مِيلَاءٌ | اسم الة) |
| لَاتَلِ | (نهى) | أَوْلَى | (اسم تفضيل) |

## تەھلىل

يۇقىرىدىكى مُشْتَق لەرنىڭ تۇرلىنىشىنى ئالدىنقى پېئىل بابلىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىگە قىياس

قىلىڭ. يەنى وَلِيَ نىڭ تۈرلىنىشى خَشِيَ نىڭ تۈرلىنىشىگە ئوخ-
شاش، باشقىلىرىنىڭ تۈرلىنىشى بولسا وَحَيَ نىڭ. باشقا مشتق
لىرىنىڭ تۈرلىنىشىگە ئوخشاش. وَلِيٌّ، صفةمشبهة بۇ ئەسلىدە
وَلُوِيٌ ئىدى، بۇنىڭ اعلال قىلىنىشى مَرْمِيٌ نىڭ اعلال قىلىنىشىغا
ئوخشاش. بۇ بابقا مەنسۇب پېئىللار بىر قەدەر ئاز.

## 15- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى مَصْدرلەردىن مشتق لىرىنى كەلتۈرۈڭ ۋە اقسام لىرىنى بايان قىلىپ بارلىق تۈرلىنىشتە تۈرلەڭ.

وِلَايَةٌ    حَسْبٌ    وَفْقٌ    وَزْنٌ    وَرْمٌ

## 16- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ ھەربىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

أَرَادَ عَلِيٌّ أَنْ يُسَافِرَ اِلَى الْعِرَاقِ فَدَخَلَ الْمَطَارَ.
وَزَنَ الضَّابِطُ حَقَائِبَ عَلِيٍّ فَوَجَدَهَا زَائِدَةً عَنِ الْوَزْنِ الْمَسْمُوحِ بِهِ مَجَّانًا وَلِهٰذَا دَفَعَ عَلِيٌّ أُجْرَةَ الْوَزْنِ الزَّائِدِ، ثُمَّ وَضَعَ الْمُوَظَّفُ الْحَقَائِبَ فِي مَكَانٍ خَاصٍّ. وَقَفَ عَلِيٌّ يَنْتَظِرُ الطَّائِرَةَ سَاعَتَيْنِ، وَلٰكِنَّهُ لَمْ يَيْأَسْ، حَتَّى أَعْلَنَ الْمُذِيعُ عَنْ إِقْلَاعِ الطَّائِرَةِ.

## يەككە سۆزلەر

وَرِمَ يَرِمُ وَرَمٌ ئىششىماق | وَزَنَ يَزِنُ وَزْنٌ ئۆلچىمەك

| | |
|---|---|
| وَفِقَ يَفِقُ وَفْقًا ـ گە ئاساسەن بولماق | حَسِبَ يَحْسِبُ حَسْبًا دەپ قارىماق |
| أَرَادَ يُرِيْدُ إِرَادَةً ئىرادە قىلماق | مَطَارٌ ئايرودرۇم |
| ضَابِطٌ ج ضُبَّاطٌ تەكشۈرگۈچى | مَجَّانًا ھەقسىز |
| مَسْمُوحٌ رۇخسەت قىلىنغان | رَفَعَ يَرْفَعُ رَفْعًا بەرمەك، تۆلىمەك |
| أُجْرَةٌ ج أُجَرٌ ھەققى | مُذِيْعٌ دىكتور |
| أَقْلَعَ يُقْلِعُ إِقْلَاعًا قوزغىلىش | |

## 6. فَعُلَ يَفْعُلُ بابى

اَلْمُجَرَّدُالثُّلَاثِي نىڭ ئالتىنچى بابى مَاضِي ۋە مُضَارِع دا پېئىلىنىڭ «عين» ضَمَّەلىك بولغان «فَعُلَ، يَفْعُلُ» بابىدۇر. بۇ بابنىڭ مَصْدَرلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سەككىز ۋەزىندە كېلىدۇ. بۇ بابتا لَفِيْف، مُعْتَلِّ بولغان پېئىللار ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۆتكەن بەش بابتا مُتَعَدِّي (ئۆتۈملۈك) ۋە لَازِمْ (ئۆتۈمسىز) پېئىللار كەلگەن بولسىمۇ، بۇ بابتا كەلگەن پېئىللار پەقەت لَازِمْ پېئىللاردۇر.

| رَقَمٌ | أَوْزَانٌ | مَاضِي مُضَارِع | مَصَادِرٌ | مَعَانِى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | فَعَالَةٌ | كَفُوَ، يَكْفُوُ | كَفَاءَةٌ | تەڭشەلمەك |
| 2 | فُعُولَةٌ | رَطُبَ، يَرْطُبُ | رُطُوبَةٌ | ھۆللۈك |
| 3 | فَعَلٌ | شَرُفَ، يَشْرُفُ | شَرَفٌ | شەرەپلىك بولماق |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 4 | فُعْلَةٌ | جَرُوَ، يَجْرُوُ | جُرْأَةٌ | جۇرئەتلىك بولماق |
| 5 | فِعَلٌ | صَغُرَ، يَصْغُرُ | صِغَرٌ | كىچىك بولماق |
| 6 | فِعْلٌ | حَلُمَ، يَحْلُمُ | حِلْمٌ | يۇۋاش بولماق |
| 7 | فُعْلٌ | قَرُبَ يَقْرُبُ | قُرْبٌ | يېقىن بولماق |
| 8 | فَعْلٌ | ضَعُفَ، يَضْعُفُ | ضَعْفٌ | ئاجىز بولماق |

1. بۇ بابنىڭ سَالِمْ پېئىلى ۋە ئۇنىڭ

مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

كَرُمَ، يَكْرُمُ نىڭ مصدر شەكلي كَرَمٌ ۋە كَرَامَةٌ (سەخي بولماق، ئۇلۇغ بولماق) كېلىدۇ.

أقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِر دىن بارلىق مشتق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مشتق لىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| كَرُمَ | (ماضى) | كَرِيْمٌ | (صفة مشبهة) |
| يَكْرُمُ | (مضارع) | مَكْرَمٌ | (اسم زمان) |
| أُكْرُمْ | (امر) | مَكْرَمٌ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَكْرُمْ | (جحد) | مِكْرَامٌ | (اسم الة) |
| لَايَكْرُمُ | (نفى) | اَكْرَمُ | (اسم تفضيل) |
| لَاتَكْرُمْ | (نهى) | | |

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ

سالم پېئىللار ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ. لازىم پېئىللاردىن اِسْمُ اٰلَة نىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

## 2. بۇ بابنىڭ مضاعف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

حَبَّ يَحَبُّ نىڭ مَصْدَر شەكلى حَبًّا (دوس بولماق) كېلىدۇ. اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِردىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَبَّ | (ماضى) | حَبِيْبٌ | (صفة مشبهة) |
| يَحُبُّ | (مضارع) | مَحَبٌّ | (اسم زمان) |
| حُبَّ | (امر) | مَحَبٌّ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَحُبَّ | (جحد) | مِحْبَابُ | (اسم الة) |
| لَايَحُبُّ | (نفى) | اَحَبُّ | (اسم تفضيل) |
| لَاتَحُبَّ | (نهى) | | |

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ پېئىل ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

### تەھلىل

حَبَّ، يَحُبُّ «فَعَلَ، يَفْعُلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلى حَبُبَ، يَحْبُبُ باراۋەر. بۇنىڭدا بىرىنچى «باء» نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاپ، بىرىنچى «باء» نى ئىككىنچى «باء» غا ادغام قىلىغان-ۋاشقا مشتق

لىرىنىڭ ئۆزگىرىشى رَدَّ، يَرُدُّ نىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشاش.

### 3. بۇ بابنىڭ مِثَالْ وَاوِي پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

وَقُحَ، يَوْقُحُ نىڭ مَصْدَر شەكلى وَقَاحَةٌ، وُقُوحَةٌ، وَقْحَةٌ كېلىدۇ. (ھاياسىز بولماق)

اَقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مصدر دىن بارلىق مشتق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مشتق لىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنىشلىرىگە ئوخشاش ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| وَقُحَ | (ماضى) | وَقَاحٌ | (صفةمشبهة) |
| يَوْقُحُ | (مضارع) | مَوْقَحٌ | (اسم زمان) |
| اُوْقُحْ | (امر) | مَوْقَحٌ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَوْقُحْ | (جحد) | مِيقَاحٌ | (اسم الة) |
| لَايَوْقُحُ | (نفى) | اَوْقَحُ | (اسم تفضيل) |
| لَاتَوْقُحْ | (نهى) | | |

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مثال پېئىللارنىڭ ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

مِيقَاحٌ ئەسلىدە مِوْقَاحٌ ئىدى. بۇ خىل اعلال نىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

### 4. بۇ بابنىڭ مِثَال يَائِي پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

يَسُرَ، يَيْسُرُ نىڭ مَصْدَر شەكلى يُسْرٌ كېلىدۇ(ئاسان بولماق).

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مصدر دىن بارلىق مشتق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مشتق لىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| يَسُرَ | (ماضى) | يَسِيْرٌ | (صفةمشبهة) |
| يَيْسُرُ | (مضارع) | مَيْسَرٌ | (اسم زمان) |
| اُوْسُرْ | (امر) | مَيْسَرٌ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَيْسُرْ | (جحد) | مِيْسَارٌ | (اسم الة) |
| لَايَيْسُرُ | (نفى) | اَيْسَرُ | (اسمتفضيل) |
| لَاتَيْسُرْ | (نهى) | | |

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مِثَال يائى پېئىللارنىڭ ۋە ئىسىملارنىڭ تۇرلىنىشىگە قىياس قىلىنىڭ.

## تەھلىل

اُوسُرْ بۇيرۇق پېئىلى ئۇ «اُفْعُلْ» غا باراۋەر، ئۇنىڭ ئەسلىسى اُيْسُرْ. «يَاءْ» ساكىن ئالدى ضَمَّة لىك بولغانلىقى ئۈچۈن «يَاءْ» «وَاو» غا قَلِب قىلىنىپ اُوسُرْ بولغان.

## 5. بۇ بابنىڭ اَجْوَف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

طَالَ، يَطُولُ نىڭ مَصْدَر شەكلى طَوْلٌ (ئۇزۇن بولماق) كېلىدۇ.

اَقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ «مصدر» دىن بارلىق «مشتق» لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى «مشتق» لىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن

شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىندە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| طَالَ | (ماضى) | طَوِيْلٌ | (صفة مشبهة) |
| يَطُوْلُ | (مضارع) | مَطَالٌ | (اسمزمان) |
| طُلْ | (امر) | مَطَالٌ | (اسم مكان) |
| لَمْ يَطُلْ | (جحد) | مِطَالٌ | (اسم الة) |
| لَايَطُوْلُ | (نفى) | اَطْوَلُ | (اسم تفضيل) |
| لَاتَطُلْ | (نهى) | | |

## تەھلىل

طَالَ، يَطُوْلُ «فَعُلَ، يَفْعُلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلى طَوُلَ، يَطْوُلُ باراۋەر. بۇنىڭ اِعْلال قىلىنىش ئۇسۇلى دَامَ نىڭ اعلال قىلىنىش قائىدىسىدە بايان قىلىنىپ بولغان.

طُلْنَ «فَعُلْنَ» گە باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسلىطَوُلْنَ باراۋەر.

ضَمَّة «واو» غا ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن «واو» نىڭ ضَمَّة سي ئالدىدىكى ھەرپكە بېرىلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتى تاشلانغاندىن كېيىن طُوْلْنَ بولدى. بۇ ھالەتتە «واو» بىلەن «لام» دا ئىككى ساكىن ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ حَذِف نىڭ شەرتىنى ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن حَرف عِلة «واو» حذف قىلىنىپ، طُلْنَ قالدى. باشقا مُشْتَق لىرىنىڭ اعلال قىلىنىشىمۇ دَامَ يَدُوْمُ نىڭ اِعلال قىلىنىشىغا ئوخشايدۇ، بۇلارنى ھەم شۇنىڭغا قىياس قىلىۋېلىڭ.

### 6. بۇ بابنىڭ نَاقِص پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

رَخُوَ، يَرْخُوْ نىڭ مَصْدر شەكلى رُخْوَة (يۇمشاق بولماق) كېلىدۇ.

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مصدر دىن بارلىق مشتق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مشتق لىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىنلىرىگە ئوخشاش ۋە-زىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| رَخُوَ | (ماضى) | رَخُوٌّ | (صفة مشبهة) |
| يَرْخُو | (مضارع) | مَرْخَى | (اسم زمان) |
| أُرْخُ | (امر) | مَرْخَى | (اسم مكان) |
| لَمْ يَرْخُ | (جحد) | مِرْخَى | (اسم الة) |
| لايَرْخُو | (نفى) | أَرْخَى | (اسم تفضيل) |
| لاتَرْخُ | (نهى) | | |

## تەھلىل

يَرْخُو «يَفْعُلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلى يَرْخُوُ بارا-ۋەر. ضَمَّة «واو» غا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ضَمَّة سى تاشلىنىپ يَرْخُو بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بارچە مشتق لىرىنىڭ تۈرلىنىشىنى دَعَا يَدْعُو غا قىياس قىلىڭ.

## مۇلاھىزە

1. ئەگەر ئۆتكەن زامان پېئىلى «فَعَلَ» ۋەزنىدە بولسا ئۇنىڭ كېلىدىغان زامان پېئىلى «يَفْعَلُ» ياكى «يَفْعُلُ» ياكى «يَفْعِلُ» ۋەزنىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ «فَعِلَ» ۋەزنىدە بولسا ئۇنىڭ كېلىدىغان زامان پېئىلى «يَفْعِلُ» ياكى «يَفْعَلُ» ۋەزنىدىلا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر «فَعُلَ» ۋەزىنىدە بولسا كېلە-دىغان زامان پېئىلى پەقەت «يَفْعُلُ» ۋەزنىدىلا بولىدۇ.

2. ئۈچ ھەرپلىك مُجَرَّدْ پېئىللارنىڭ يۇقىرىدىكى ئالتە باب بولۇشى ئەرەبلەرنىڭ سۆزلەرنى قوللىنىش ئادىتىگە ئاساسەن بې-كىتىلگەن بولۇپ، بۇنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇئەييەن بىرقائىدى-سى يوق.

3. فَعُلَ، يَفْعُلُ بابىدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى لاَزِمْ يەنى ئۆتۈمسىز بولۇپ، ئۇلار مۇقىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

كَرُمَ، ظَرُفَ، حَسُنَ، قَبُحَ، شَرُفَ.

4. «فَعِلَ، يَفْعَلُ» بابىدىكى پېئىللار لازىم بولۇپ كەلگەندە خۇشاللىقىقا ياكى غەم - قايغۇغا دالالەت قىلىدىغان پېئىللاردىن بولىدۇ. مەسىلەن: فَرِحَ، حَزِنَ، طَرِبَ. ياكى توشقانلىقىنى، بوش قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللاردىن بولىدۇ.

مەسىلەن؛ شَبِعَ، عَطِشَ ۋە ياكى زىبۇ - زىنىنەتنى، رەڭگىنى، ئەيىبنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللاردىن بولىدۇ.

مەسىلەن؛

غَيِدَ عَمِشَ، خَضِرَ

5. «فَعَلَ، يَفْعَلُ» بابىدا پېئىلنىڭ «عَيْنِ» ۋە «لام» نىڭ حُرُوفْ حَلْقَة دىن بولۇشى مۇتلەقدۇر.

6. بىر قىسىم صرف كىتابلىرىدا بابلارنى تىبخىمۇ ياخشى ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن، اَلْمُجَرَّدُالثُّلاَثِي نىڭ بىرىنچى بابىنى ضَرَبَ يَضْرِبُ بابى، ئىككىنچى بابىنى نَصَرَ يَنْصُرُ بابى، ئۈچىنچى بابىنى فَتَحَ يَفْتَحُ بابى، تۆتىنچى بابىنى عَلِمَ يَعْلَمُ بابى، بەشىنچى بابىنى حَسِبَ يَحْسِبُ بابى، ئالتىنچى بابىنى كَرُمَ يَكْرُمُ بابى دەپ ئاتىغان.

## 17- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى مەسدەرلەردىن مۇشتەق لەرنى كەلتۈرۈڭ ۋە ئەقسام- لەرنى بايان قىلىپ بارلىق تۈرلىنىشتە تۈرلەڭ.

كثرة حسن قبوحة

بخل ورع وسامة

## 18- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ ھەر بىر مۇشتەق نىڭ سىيغە سىنى ئېي- تىپ بېرىڭ.

قالت سَلْمٰى لِإبْنِهَا مُحَمَّد: إعْلَمْ يَابُنَيَّ إنَّهُ إذَا حَانَ وَقْتُ صَلاَةِ الْجُمُعَةِ حَرُمَ الْبَيْعُ، وَلِذٰلِكَ عَظُمَ ثَوَابُ الْمُبَكِّرِيْنَ إلَى صَلاَةِ الْجُمُعَةِ، فَهِمَ مُحَمَّدٌ مَاقَالَتْهُ أُمُّهُ، وَخَرَجَ مِنَ الْبَيْتِ وَ دَخَلَ الْمَسْجِدَ وَجَلَسَ فِيْمَا فَسُحَ مِنَ الْمَكَانِ وَعِنْدَ مَاقَرُبَ وَقْتُ الصَّلاَةِ نَادَى الْمُؤَذِّنُ لِلصَّلاَةِ وَخَطَبَ الْإمَامُ، وَسَمِعَ مُحَمَّدٌ الْخُطْبَةَ مَعَ النَّاسِ ثُمَّ صَلَّى مَا فُرِضَ مِنَ الصَّلاَةِ وَرَجَعَ إلَى بَيْتِهِ مَسْرُوْرًا.

### يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَبُحَ يَقْبُحُ قَبَاحَةً | قەبىھ بولماق | وَرِعَ يَوْرُعُ وَرْعُ | مېلى ئازلىماق |
| وَسُمَ يَوْسُمُ وَسَامَةً | چىرايلىق بولماق | حَرُمَ يَحْرُمُ حُرْمَةً | ھارام بولماق |
| فَسُحَ يَفْسُحُ فَسَاحَةً | بوش بولماق | نَادَى يُنَادِي نِدَاءً | توۋلىماق |
| خَطَبَ يَخْطُبُ خِطَابًا | نۇتۇق سۆزلىمەك | مَسْرُوْرٌ ج مَسْرُوْرُوْنَ | خۇشال |
| غَبِدَ يَغْبَدُ غَبَدًا | سىپايىلاشماق | عَمِشَ يَعْمَشُ عَمَشًا | كۆزى ياشاڭغىرىماق |

## 2. اَلْفِعْلُ الْمُجَرَّدُ الرُّبَاعِيُّ

اَلْفِعْلُ الْمُجَرَّدُ الرُّبَاعِيُّ، فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ شەكلىدە ئىپادىلىنىپ بىرلا ۋەزنىدە كەلگەن. بۇ فَعْلَلَةٌ بابى دەپ ئاتىلىدۇ. مَصْدَر شەكلى فَعْلَلَةً، فِعْلَالٌ دىن ئىبارەت ئىككى ۋەزنىدە كېلىدۇ. بۇ پېئىل بىر باب بولۇپ، بۇ بابتىكى پېئىللاردىن سَالِم، مُضَاعَف، اَجْوَف، نَاقِص دىن باشقىسى ئاساسەن كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِي غا مەنسۇپ بولغان پېئىللاردىن يەنە يەتتە خىل ۋەزنىدە كېلىدىغان تۆت ھەرپلىك پېئىللار بار. بۇلار پېئىللارنىڭ ئومۇمىي 22 بابىدىن ئايرىم باب دەپ ھېسابلانماستىن، مُلْحَقَاتُ اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِي يەنى اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِي نىڭ قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

### اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِي نىڭ قوشۇمچىلىرى

| رقم | ابواب | ماضي مضارع | معاني |
|---|---|---|---|
| 1 | فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ | جَلْبَبَ يُجَلْبِبُ | يەكتەك كەيدۈردى |
| 2 | فَوْعَلَ يُفَوْعِلُ | جَوْرَبَ يُجَوْرِبُ | پايپاق كەيدۈردى |
| 3 | فَعْوَلَ يُفَعْوِلُ | رَهْوَكَ يُرَهْوِكُ | تېز- تېز ماڭدى |
| 4 | فَيْعَلَ يُفَيْعِلُ | بَيْطَرَ يُبَيْطِرُ | ھايۋاننى تاقىلىدى |
| 5 | فَعْيَلَ يُفَعْيِلُ | شَرْيَفَ يُشَرْيِفُ | دەرەخنى پۇتىدى |
| 6 | فَعْلَى يُفَعْلِي | سَلْقَى يُسَلْقِي | ئوڭدا ياتتى |
| 7 | فَعْنَلَ يُفَعْنِلُ | قَلْنَسَ يُقَلْنِسُ | بۆك كەيدى |

يۇقىرىقىلاردىن سىرت اَلْمُجَرَّدُ الرُّبَاعِيُّ اَلْمَنْحُوتُ يەنى قىسقارتىلما تۆت ھەرپلىك پېئىل مۇ اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِي غا مەنسۇپ.

مەسىلەن:

بَسْمَلَ (بِسْمِ اللّٰهِ دېدى).
حَوْقَلَ (لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةَ اِلاَّبِاللّٰهِ دېدى)
طَلْبَقَ (اَطَالَ اللّٰهُ بَقَاءَكَ دېدى)
جَعْفَلَ (جَعَلَنِيَ اللّٰهُ فِدَاءَكَ دېدى)

## 1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىللى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ نىڭ مَصْدَر شەكلى دَحْرَجَةٌ، دِحْرَاجٌ كېلىدۇ. اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدِرِدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لىرىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمە- لىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ. اَلْمُجَرَّدُ الثُّلاَثِي دىن باشقا مشتق لەردىن اِسْمُ آلَة، اِسْم تَفْضِيل، صِفَةُ مُشَبَّهَة كەلمەيدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| دَحْرَجَ | (ماضى) | مُدَحْرِجٌ | (اسم فاعل) |
| يُدَحْرِجُ | (مضارع) | مُدَحْرَجٌ | (اسم مفعول) |
| دَحْرِجْ | (امر) | مُدَحْرَجٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُدَحْرِجْ | (جحد) | مُدَحْرَجٌ | (اسم مكان) |
| لاَيُدَحْرِجُ | (نفى) | | |
| لاَتُدَحْرِجْ | (نهى) | | |

### سالىم نىڭ تۈرلىنىش ئۆلگىسى

-1-

### مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| ضمائر | مَاضِي | | مُضَارِعْ | | جَحَدْ | | نَفِي | نَهِي | أَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو | دَحْرَجَ | دُحْرِجَ | يُدَحْرِجُ | يُدَحْرَجُ | لَمْ يُدَحْرِجْ | لَمْ يُدَحْرَجْ | لَا يُدَحْرِجُ | لَا يُدَحْرِجْ | |
| هما | دَحْرَجَا | دُحْرِجَا | يُدَحْرِجَانِ | يُدَحْرَجَانِ | لَمْ يُدَحْرِجَا | لَمْ يُدَحْرَجَا | لَا يُدَحْرِجَانِ | لَا يُدَحْرِجَا | |
| هم | دَحْرَجُوا | دُحْرِجُوا | يُدَحْرِجُونَ | يُدَحْرَجُونَ | لَمْ يُدَحْرِجُوا | لَمْ يُدَحْرَجُوا | لَا يُدَحْرِجُونَ | لَا يُدَحْرِجُوا | |
| هي | دَحْرَجَتْ | دُحْرِجَتْ | تُدَحْرِجُ | تُدَحْرَجُ | لَمْ تُدَحْرِجْ | لَمْ تُدَحْرَجْ | لَا تُدَحْرِجُ | لَا تُدَحْرِجْ | |
| هما | دَحْرَجَتَا | دُحْرِجَتَا | تُدَحْرِجَانِ | تُدَحْرَجَانِ | لَمْ تُدَحْرِجَا | لَمْ تُدَحْرَجَا | لَا تُدَحْرِجَانِ | لَا تُدَحْرِجَا | |
| هن | دَحْرَجْنَ | دُحْرِجْنَ | يُدَحْرِجْنَ | يُدَحْرَجْنَ | لَمْ يُدَحْرِجْنَ | لَمْ يُدَحْرَجْنَ | لَا يُدَحْرِجْنَ | لَا يُدَحْرِجْنَ | |
| انت | دَحْرَجْتَ | دُحْرِجْتَ | تُدَحْرِجُ | تُدَحْرَجُ | لَمْ تُدَحْرِجْ | لَمْ تُدَحْرَجْ | لَا تُدَحْرِجُ | لَا تُدَحْرِجْ | دَحْرِجْ |
| انتما | دَحْرَجْتُمَا | دُحْرِجْتُمَا | تُدَحْرِجَانِ | تُدَحْرَجَانِ | لَمْ تُدَحْرِجَا | لَمْ تُدَحْرَجَا | لَا تُدَحْرِجَانِ | لَا تُدَحْرِجَا | دَحْرِجَا |
| انتم | دَحْرَجْتُمْ | دُحْرِجْتُمْ | تُدَحْرِجُونَ | تُدَحْرَجُونَ | لَمْ تُدَحْرِجُوا | لَمْ تُدَحْرَجُوا | لَا تُدَحْرِجُونَ | لَا تُدَحْرِجُوا | دَحْرِجُوا |
| انت | دَحْرَجْتِ | دُحْرِجْتِ | تُدَحْرِجِينَ | تُدَحْرَجِينَ | لَمْ تُدَحْرِجِي | لَمْ تُدَحْرَجِي | لَا تُدَحْرِجِينَ | لَا تُدَحْرِجِي | دَحْرِجِي |
| انتما | دَحْرَجْتُمَا | دُحْرِجْتُمَا | تُدَحْرِجَانِ | تُدَحْرَجَانِ | لَمْ تُدَحْرِجَا | لَمْ تُدَحْرَجَا | لَا تُدَحْرِجَانِ | لَا تُدَحْرِجَا | دَحْرِجَا |
| انتن | دَحْرَجْتُنَّ | دُحْرِجْتُنَّ | تُدَحْرِجْنَ | تُدَحْرَجْنَ | لَمْ تُدَحْرِجْنَ | لَمْ تُدَحْرَجْنَ | لَا تُدَحْرِجْنَ | لَا تُدَحْرِجْنَ | دَحْرِجْنَ |
| انا | دَحْرَجْتُ | دُحْرِجْتُ | أُدَحْرِجُ | أُدَحْرَجُ | لَمْ أُدَحْرِجْ | لَمْ أُدَحْرَجْ | لَا أُدَحْرِجُ | لَا أُدَحْرِجْ | |
| نحن | دَحْرَجْنَا | دُحْرِجْنَا | نُدَحْرِجُ | نُدَحْرَجُ | لَمْ نُدَحْرِجْ | لَمْ نُدَحْرَجْ | لَا نُدَحْرِجُ | لَا نُدَحْرِجْ | |

نَفِي مَجْهُول ۋە نَهِي مَجْهُول تۈرلىنىش ۋە ۋەزىن جەھەتتە مُضَارِعْ مَجْهُول ۋە جَحَدْ مَجْهُولَ غا ئوخشاش.

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| اسماء مشتقة / عددونوع | اسم فاعل | اسم مفعول | اسمزمان | اسم مكان |
|---|---|---|---|---|
| واحدمذكر | مُدَحْرِجٌ | مُدَحْرَجٌ | مُدَحْرَجٌ | مُدَحْرَجٌ |
| مُثَنّيٰ مُذَكَّر | مُدَحْرِجَانِ | مُدَحْرَجَانِ | مُدَحْرَجَانِ | مُدَحْرَجَانِ |
| جمع مذكر | مُدَحْرِجُونَ | مُدَحْرَجُونَ | مُدَحْرَجُونَ | مُدَحْرَجُونَ |
| واحدة مؤنث | مُدَحْرِجَةٌ | مُدَحْرَجَةٌ | | |
| مثني مؤنث | مُدَحْرِجَتَانِ | مُدَحْرَجَتَانِ | | |
| جمع مؤنث | مُدَحْرِجَاتٌ | مُدَحْرَجَاتٌ | | |

## تەھلىل

1. دَحْرَجَ ،ماضى معلوم بۇنى مَجْهُول قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرىقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە كسرة ھەرىكەت بېرىلىدى. دَحْرِجَ بولىدى. كَسْرَة لىك ھەرپىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپكە ضَمَّةٌ ھەرىكەت بېرىلىدى، دُحْرِجَ بولىدى. سۈكۇنلۇق ھەرپ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى.

2. يُدَحْرِجُ ،مَضَارِع مَعْلُوم بۇنى مَجْهُول قىلىش ئۈچۈن،
- «حَرَف مُضَارِعَة» گە ضَمَّة ھەرىكەت بېرىشكە ئېھتىياج قالمىدى. چۈنكى بۇ ئەسلىدە «ضمة» لىك، ئەگەر حرف مضارعة ضمة لىك بولمىغان بولسا ضمة ھەرىكەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى.
- ئاخىرىقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە فَتْحَة ھەرىكەت بېرىلىدى. يُدَحْرَجُ بولىدى.

3. فِعْلُ جَحَد نى ئىپادىلىگۈچى لَمْ نىڭ تەسىرىدىن بۇ پېئىللارنىڭ معلوم ۋە مجهول شەكىللىرىدە «واحد» صيغةسىنىڭ

ئاخىرى ساكىن بولغان مثنى ۋە جمع صيغة لىرىنىڭ ئاخىرىدىن نونلار چۈشۈپ كېتىدۇ.

4. تُدَحْرِجُ نى «فِعْل آمْر» گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرى ساكىن قىلىنىدى، تُدَحْرِجْ بولدى. حرف مضارعة ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن تۆنجى ھەرپ ھەرىكەت بىلەن باشلانغان بولغاچقا، دَحْرِجْ بۇيرۇق پېئىلى ھاسىل بولدى.

5. مُدَحْرِجُ اِسْمُ فَاعِل، بۇ ئىسىم يُدَحْرِجُ دىن تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرگەن.

دەسلەپتە حرف مضارعة ضمةلىك مىمغا ئۆزگەرتىلىپ مُدَحْرِجُ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «جيم» غا «ضَمَّتَيْنِ» ھەرىكەت بېرىلدى.

ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپ كسرةلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كسرة ھەرىكەت بېرىشكە ئېھتىياج قالمىدى.

6. مُدَحْرَجْ «اسم مفعول» ، بۇ ئىسىم يُدَحْرَجُ دېگەن مَجْهُول پېئىلدىكى حَرْف مُضَارِعة نى ضَمَّة لىك ميم غا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسالغان اِسْمُ زَمَان، اِسْم مَكَان، صيغةسى، اِسْمُ مفعول صيغةسى بىلەن ئورتاق. تۆت ھەرپلىك مشتق پېئىلى ۋە مشتق ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى جۈملىدىن مُلْحَقات مُجَرَّدالرُّبَاعِي بولغان يەتتە بابنىڭمۇ تۈرلۈنۈش،ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىدَحْرَجَةٌ نىڭ مشتق لىرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بىلەن ئوخشاش. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز.

2. بۇ بابنىڭ مُضَاعَف پېئىلى

صَرْصَرَيُصَرْصِرُدۇر مَصْدَر شەكلى صَرْصَرَةٌ، صِرْصَارٌ (

قائتىق توۋلىماق) كېلىدۇ.

3. مِثَالٌ ۋە مُضَاعَف پېئىلى وَسْوَسَ، يُوَسْوِسُ دۇر. مَصْدر شەكلى وَسْوَسَةٌ، وِسْوَاسٌ (ۋەسۋەسە قىلماق) كېلىدۇ.

4. اَجْوَف وَاوِى پېئىلى جَوْرَبَ يُجَوْرِبُ دۇر. مصدر شەكلى جَوْرَبَةٌ جِيْرَابٌ (پايپاق كەيمەك) كېلىدۇ.

5. اَجْوَفٌ يَائِى پېئىلى شَيْطَنَ يُشَيْطِنُ دۇر. مصدر شەكلى شَيْطَنَةٌ شَيْطَانٌ (ھالاك بولماق) كېلىدۇ.

6. نَاقِصٌ پېئىلى قَلْسٰى يُقَلْسٰى دۇر. مصدر شەكلى قلساة، قلساء (بۆك كەيمەك) كېلىدۇ.

7. لَفِيْف پېئىلى ضَوْضٰى يُضَوْضٰى دۇر. مصدر شەكلى ضَوْضَاةٌ، ضِيْضَاءٌ (ئاۋار قىلماق) كېلىدۇ.

## تەھلىل

بۇ بابنىڭ مُضَاعَف، مِثَال، اَجْوَف پېئىللىرى تۈرلىنىش جەھەتتە سَالِم پېئىلنىڭ يەنى دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ نىڭ بارلىق مشتق لىرىنىڭ تۈرلىنىشى بىلەن ئوخشاش. ئەمما نَاقِص ۋە لَفِيْف پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىشىدە مۇناسىپ اِعْلَال ئۆزگىرىشى مەۋجۇت. بۇلارنى يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك پېئىللارغا ۋە ئىسىملارغا قىياس قىلىڭ.

مەسىلەن:

قَلْسٰى يُقَلْسٰى «فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىدىكىسى قَلْسَيَ يُقَلْسِيُ باراۋەر. قَلْسَاةٌ، قِلْسَاءٌ ئەسلىدە قَلْسَيَةٌ، قِلْسَايٌ.

ضَوْضَى، يُضَوْضِي «فَعْلَلَ، يُفَعْلِلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى ضَوْضَيَ يُضَوْضِيُ باراۋەر. ضَوْضَاةٌ، ضِيْضَاءٌ ئەسلىدە ضَوْضَوَةٌ، ضِوْضَاءٌ ئىدى.

## 19- كۆنۈكمە

-1-

تۆۋەندىكى مەصدرلەردىن مشتق لىرىنى كەلتۈرۈڭ ۋە اقساملىرىنى بايان قىلىپ بارلىق تۈرلىنىشتە تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تَرْجَمَةٌ | وَسْوَسَةٌ | شَمْلَلَةٌ |
| جِهْوَارٌ | دَهْوَرَةٌ | صَلْصَلَةٌ |
| طَحْلَبَةٌ | طَقْطَقَةٌ | طِقْطَاقٌ |
| زِحْزَاحٌ | سَمْسَرَةٌ | |

-2-

ئاستى سىزىلغان پېئىللارنى توغرىلاڭ.

1- فَاطِمَةُ ذَهَبَ اِلَى الْمَدْرَسَةِ.
2- اَلْفَلاَّحَانِ زَرَعَ الْقُطْنَ.
3- اَلْمُسَافِرُونَ جَاءَ بِالسَّيَّارَةِ.
4- اَلطَّالِبَاتُ ذَهَبَا اِلَى الْمَدْرَسَةِ.
5- هِنْدُ خَرَجَ مِنَ الْمُسْتَشْفَى.
6- اٰمِنَةُ وَنَائِلَةُ طَلَبَ شِرَاءَ اللَّحْمِ. وَالْجُبْنِ مِنَ الْبَقَّالَةِ.

—3—

تۆۋەندىكى ھەربىر پېئىلنىڭ بابىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

شَرِبَ   سَكَنَ   حَسِبَ   غَفَرَ
بَحَثَ   قَتَلَ   حَسُنَ   نَامَ
صَامَ   قَامَ   رَامَ   جَالَ
شَقِيَ   هَدَى   دَعَا   بَقِيَ

## ـ4ـ

تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ مضارع ۋە امرنى كەلتۈرۈڭ.

عَلِمَ   أَكَلَ   غَسَلَ   أَمَرَ
وَضَعَ   سَأَلَ   بَدَأَ   مَلأَ
مَنَعَ   سَمَحَ   حَمَلَ   وَزَنَ
زَارَ   طَارَ   وَعَى   صَحَا
جرى   نسي   سعي   انى
تَلاَ   صَلَّى   عَدَّ

## —5—

تۆۋەندىكى مشتق لەر ياسالغان پېئىلنى كەلتۈرۈڭ.

قَائِلٌ   حَامِلٌ   مَكْتَبٌ   مَفْقُودٌ
عِلْمِيَّةٌ   اَلشَّافِي   مَسْئُولٌ   مَعْبَرٌ
مَصْنَعٌ   جَاهِلٌ   عَاقِلٌ   عَالِمٌ
مَوْقُوفٌ   مَسِيرٌ   مَرْعَى

## —6—

تۆۋەندىكى مصدر لەردىن اسم مشتق لەرنى كەلتۈرۈڭ.

وِسْوَاسٌ   مُطْمَئِنٌّ   هَرْوَلَةٌ   فَيَضَانٌ
خَفَقَانٌ   سَيَلاَنٌ   سَبْقٌ   فَهْمٌ

| | | | |
|---|---|---|---|
| قُعُودٌ | نُهُوضٌ | تَعَبٌ | آسَفٌ |
| قَنَاعَةٌ | رَجَفَانٌ | مَرَضٌ | طَيَرَانٌ |
| جَرَيَانٌ | سِقَايَةٌ | قِيَادَةٌ | دِرَايَةٌ |
| تِجَارَةٌ | حِرَاسَةٌ | بَعْثٌ | دَفْعٌ |
| مَسْخٌ | سَمْعٌ | هُبُوطٌ | شُعُورٌ |
| غَرَقًا | شَبَعًا | | |

## -4-

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ پېئىلنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئىسىم-نىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭ.

### عَيْدُ الْفِطْرِ

يَوْمُ الْعِيْدِ عِيْدٌ سَعِيْدٌ، يَفْرَحُ فِيهِ كُلُّ مُسْلِمٍ، وَتَفْرَحُ فِيهِ كُلُّ مُسْلِمَةٍ وَيَقُولُ فِيهِ الْمُسْلِمُ لِأَخِيهِ الْمُسْلِمِ: عِيْدٌ مُبَارَكٌ، وَكُلَّ عَامٍ وَأَنْتُمْ بِخَيْرٍ.

وَقَبْلَ صَلَاةِ الْعِيْدِ يُخْرِجُ الْمُسْلِمُونَ زَكَاةَ الْفِطْرِ فَيَشْعُرُ الْفَقِيْرُ وَالْمِسْكِيْنُ بِالْفَرَحِ وَالسُّرُورِ وَبَعْدَ صَلَاةِ الْعِيْدِ يَذْهَبُ الْمُسْلِمُونَ الْأُيْغُورِيُّونَ جَمِيْعًا إِلَى الْمَقَابِرِ وَيَزُورُونَ الْقُبُورَ وَيَدْعُونَ لِآبَائِهِمْ وَأَجْدَادِهِمُ الَّذِيْنَ انْتَقَلُوا إِلَى رَحْمَةِ اللهِ، بَعْدَ زِيَارَةِ الْقُبُورِ يَذْهَبُونَ لِزِيَارَةِ الْأَقَارِبِ.

### يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| قُطْنٌ | پاختا، كېۋەز | جُبْنٌ | سېرىقماي |
| شَافِي | ساقايتقۇچى | مَرْعَى | يايلاق |
| آسَفٌ | ئەپسۇسلىنىش | سِقَايَةٌ | سۇغارماق |
| قِيَادَةٌ | هەيدىمەك | شَعَرَ يَشْعُرُ شُعُورٌ | هېس قىلماق |

كُلَّ عَامٍ وَأَنْتُمْ بِخَيْرٍ  يىل بويى ياخشى ئۆتكەيسىز ( يېڭى يىلىڭىز مۇبارەك بولسۇن )

## 2. اَلْفِعْلُ اَلْمَزِيْدُ

اَلْفِعْلُ اَلْمَزِيْدُ، ئۈچ ھەرپلىك ياكى تۆت ھەرپلىك تۈپ پېئىل-لارغا يەنى اَلْمُجَرَّدُالثُّلَاثِي ۋە اَلْمُجَرَّدُ الرُّبَاعِي لارغا بىردىن ئۈچكىچە بولغان زىيادە ھەرپلىك پېئىل يەنى ھەرپ قوشۇلغان قوشما پېئىل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «سَأَلْتُمُوْنِيْهَا» دېگەن سۆزدە توپلانغانھەرپلەردىن بىرنى ياكى بىر قانچىنى قوشۇش ئارقىلىق ياكى پېئىلنىڭ «عين»ى ياكى «لام»ى باراۋېرىدىكى ھەرپنى تەكرارلاش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەلۇم بىر پېئىلگە قوشۇلغان يۇقىرىدىكى ھەرپلەر پېئىللارنىڭ ئەسلى مەنىلىرىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، پېئىللارنىڭ ئەسلى مەنىلىرىنى كېڭەيتىپ ما-ڭىدۇ.

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| عَلِمَ | أَعْلَمَ | تَعَلَّمَ |
| بىلدى | بىلدۈردى | ئۆگەندى |
| عَلَّمَ | اِسْتَعْلَمَ | اِصْفَرَّ |
| ئۆگەتتى | بىلىشنى تەلەپقىلدى | سارغايدى |

اَلْفِعْلُ اَلْمَزِيْدُ ھەم مَزِيْدُالثُّلَاثِي (ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك قوشما پېئىل)، مَزِيْدُالرُّبَاعِي (ئەسلى تۆت ھەرپلىك قوشما پېئىل) دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

بۇ تۈردىكى پېئىللار ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللار ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ۋەزىنلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، قوشۇلغان ھەرپلەرنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە قاراپ 12 خىل ۋەزىندە ئىپادىلىنىپ 12 بابقا بۆلۈنگەن.

ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللار (اَلْمُجَرَّدُالثُّلَاثِيُّ) غابىر ھەرپ قوشۇش ئارقىلىق ياسالغىنى ئۈچ ۋەزىندە كېلىدۇ.

1 ـ أَ + فَعَلَ = أَفْعَلَ مەسلەن:

فَتَحَ – أَفْتَحَ
ذَهَبَ – أَذْهَبَ
دَخَلَ – أَدْخَلَ

2ـ فَ + اعَلَ = فَاعَلَ مەسلەن:

كَتَبَ ـ كَاتَبَ
جَلَسَ ـ جَالَسَ
طَرَدَ ـ طَارَدَ

3 ـ فَعْ + عَلَ = فَعَّلَ مەسلەن:

فَهِمَ – فَهَّمَ
عَلِمَ – عَلَّمَ
شَرُفَ ـ شَرَّفَ

ئىككى ھەرپ قوشۇلغىنى تۆۋەندىكى بەش ۋەزىندە كېلىدۇ.

1 ـ اِنْ + فَعَلَ = اِنْفَعَلَ مەسلەن:

فَتَحَ – اِنْفَتَحَ
طَلَقَ – اِنْطَلَقَ
صَرَفَ – اِنْصَرَفَ

2ـ اِ + فْ + تَعَلَ = اِفْتَعَلَ مەسلەن:

فَتَحَ ـ اِفْتَتَحَ
جَمَعَ ـ اِجْتَمَعَ

نَصَرَ- اِنْتَصَرَ

3ـ اِ + فْعَدْ + لَ = اِفْعَلَّ مەسىلەن: خَضِرَ ـ اِخْضَرَّ
عَوِجَ ـ اِعْوَجَّ
بَيِضَ ـ اِبْيَضَّ

4 ـ تَ + فَ + عَّلَ = تَفَعَّلَ مەسىلەن: فَهِمَ ـ تَفَهَّمَ
عَلِمَ ـ تَعَلَّمَ
فَتَحَ ـ تَفَتَّحَ

5 ـ تَ + فَ + اعَلَ = تَفَاعَلَ مەسىلەن: كَثُرَ ـ تَكَاثَرَ
جَلَسَ ـ تَجَالَسَ
بَرَكَ ـ تَبَارَكَ

ئۈچ ھەرىپ قوشۇلغىنى تۆۋەندىكى تۆت ۋەزىندە كېلىدۇ.

1 ـ اِسْتَ + فْعَلَ = اِسْتَفْعَلَ مەسىلەن: غَفَرَ ـ اِسْتَغْفَرَ
خَرَجَ ـ اِسْتَخْرَجَ
فَتَحَ ـ اِسْتَفْتَحَ

2ـ اِ + فْعَ + وْ + عَلَ = اِفْعَوْعَلَ مەسىلەن: خَشِنَ ـ اِخْشَوْشَنَ
غَرَقَ ـ اِغْرَوْرَقَ

حَدَبَ ـ اِحْدَوْدَبَ

3ـ اِ + فْعَ + ا + لّ = اِفْعَالّ مەسىلەن: خَضِرَ — اِخْضَارّ
حَمِرَ ـ اِحْمَارّ
سَوِدَ ـ اِسْوَادّ

عَلَطَ - اِعْلَوَّطَ
4 ـ اِ + فْعَ + وْ + وَ + لَ = اِفْعَوَّلَ مەسىلەن: جَلَذَ ـ اِجْلَوَّذَ

«مَزِيْد» پېئىللارنىڭ مَصْدَرلىرى شەكىل جەھەتتىن بىر قەدەر قېلىپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى «مُجَرَّدْ» پېئىللار-نىڭ مَصْدَرلىرىنىڭ ئەكسىچە مۇئەييەن قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بىلەن شەكىللەنگەن. دېمەك، «اَفْعَلَ يُفْعِلُ» ۋەزنىدىكى پېئىللا-رنىڭ مَصْدَر شەكلى «إِفْعَالٌ» ۋەزنىدىلا كېلىدۇ.

مەسىلەن:

اَنْكَرَ يُنْكِرُ — اِنْكَارٌ
اَكْرَمَ يُكْرِمُ — اِكْرَامٌ

«فَعَّلَ يُفَعِّلُ» ۋەزنىدىكى پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلى «تَفْعِيْلٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

دَرَّبَ يُدَرِّبُ — تَدْرِيْبٌ
عَلَّمَ يُعَلِّمُ — تَعْلِيْمٌ

ئەگەر بۇ ۋەزنىدىكى پېئىل «نَاقِص» بولسا، ئۇنىڭ مصدر شەكلى «تَفْعِلَةٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

زَكَّى يُزَكِّي — تَزْكِيَةٌ
قَوَّى يُقَوِّى — تَقْوِيَةٌ

ئەگەر بۇ ۋەزىندىكى پېئىل «مَهْمُوزُ اللَّامِ» بولسا، ئۇنىڭ مَصْدر شەكلى «تَفْعِيْلٌ» ياكى «تَفْعِلَةٌ» ۋەزىندە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

جَزَّأَ يُجَزِّئُ — تَجْزِيْئٌ، تَجْزِئَةٌ
خَطَّأَ يُخَطِّئُ — تَخْطِيْئٌ تَخْطِئَةٌ

«فَاعَلَ يُفَاعِلُ» ۋەزىندىكى پېئىللارنىڭ مصدر شەكلى «فِعَالٌ» ياكى «مُفَاعَلَةٌ» ۋەزىندە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

حَاسَبَ يُحَاسِبُ ـ حِسَابٌ، مُحَاسَبَةٌ
خَاصَمَ يُخَاصِمُ ـ خِصَامٌ، مُخَاصَمَةٌ

بەش ياكى ئالتە ھەرپلىك پېئىللار ئەگەر «هَمْزَةُ وَصْلِيَّةٌ» بىلەن باشلانسا، ئۇنىڭ مصدر شەكلى مەزكۇر پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ ئۈچىنچى ھەرپىگە «كَسْرَة» ھەرىكەت بېرىپ ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپىگە «اَلِف» قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

اِجْتَمَعَ — اِجْتِمَاعٌ
اِنْدَفَعَ — اِنْدِفَاعٌ
اِسْتَقْبَلَ — اِسْتِقْبَالٌ

ئەگەر پېئىل زىيادىلىقنى ئىپادىلىگۈچى «تَاءٌ» بىلەن باشلانغان بولسا، ئۇنىڭ مَصْدر شەكلى مەزكۇر پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپىگە «ضمة» ھەرىكەت بېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

تَقَدَّمَ ـ تَقَدُّمٌ

تَعَلَّمَ - تَعَلُّمٌ

تَدَحْرَجَ - تَدَحْرُجٌ

فِعْلُ مَزِيد ثُلَاثِي نىڭ بابلىرىنىڭ جەدۋىلى

| رَقْمٌ | مَاضِي | مُضَارِعُ | أَمْرِ | مَصْدَرْ |
|---|---|---|---|---|
| 1 | اَفْعَلَ<br>اَقْسَمَ | يُفْعِلُ<br>يُقْسِمُ | أَفْعِلْ<br>أَقْسِمْ | اِفْعَالٌ<br>اِقْسَامٌ |
| 2 | فَعَّلَ<br>حَدَّثَ | يُفَعِّلُ<br>يُحَدِّثُ | فَعِّلْ<br>حَدِّثْ | تَفْعِيلٌ<br>تَحْدِيثٌ |
| 3 | فَاعَلَ<br>نَاضَلَ | يُفَاعِلُ<br>يُنَاضِلُ | فَاعِلْ<br>نَاضِلْ | مُفَاعَلَةٌ فِعَالٌ<br>مُنَاضَلَةٌ نِضَالٌ |
| 4 | اِفْتَعَلَ<br>اِكْتَسَبَ | يَفْتَعِلُ<br>يَكْتَسِبُ | اِفْتَعِلْ<br>اِكْتَسِبْ | اِفْتِعَالٌ<br>اِكْتِسَابٌ |
| 5 | اِنْفَعَلَ<br>اِنْعَدَلَ | يَنْفَعِلُ<br>يَنْعَدِلُ | اِنْفَعِلْ<br>اِنْعَدِلْ | اِنْفِعَالٌ<br>اِنْعِدَالٌ |
| 6 | اِفْعَلَّ<br>اِخْضَرَّ | يَفْعَلُّ<br>يَخْضَرُّ | اِفْعَلَّ<br>اِخْضَرَّ | اِفْعِلَالٌ<br>اِخْضِرَارٌ |
| 7 | تَفَعَّلَ<br>تَبَيَّنَ | يَتَفَعَّلُ<br>يَتَبَيَّنُ | تَفَعَّلْ<br>تَبَيَّنْ | تَفَعُّلٌ<br>تَبَيُّنٌ |
| 8 | تَفَاعَلَ<br>تَقَاتَلَ | يَتَفَاعَلُ<br>يَتَقَاتَلُ | تَفَاعَلْ<br>تَقَاتَلْ | تَفَاعُلٌ<br>تَقَاتُلٌ |
| 9 | اِفْعَالَّ<br>اِصْفَارَّ | يَفْعَالُّ<br>يَصْفَارُّ | اِفْعَالَّ<br>اِصْفَارَّ | اِفْعِيلَالٌ<br>اِصْفِيرَارٌ |
| 10 | اِسْتَفْعَلَ<br>اِسْتَبْشَرَ | يَسْتَفْعِلُ<br>يَسْتَبْشِرُ | اِسْتَفْعِلْ<br>اِسْتَبْشِرْ | اِسْتِفْعَالٌ<br>اِسْتِبْشَارٌ |
| 11 | اِفْعَوْعَلَ<br>اِعْشَوْشَبَ | يَفْعَوْعِلُ<br>يَعْشَوْشِبُ | اِفْعَوْعِلْ<br>اِعْشَوْشِبْ | اِفْعِوْعَالٌ<br>اِعْشِيشَابٌ |

| اِفْعِوّالٌ اِجْلِوّازٌ | · | اِفْعَوِّلْ اِجْلَوِّزْ | يَفْعَوِّلُ يَجْلَوِّزُ | اِفْعَوَّلَ اِجْلَوَّزَ | 12 |
|---|---|---|---|---|---|

اَلْمَزِيْدُالرُّبَاعِي تۆردىكى پېئىللار تۆت ھەرپلىك تۈپ پې-ئىللار ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ پېئىللار بىر ھەرپ، ئىككى ھەرپ قوشۇلغىنى بولۇپ ئۈچ ۋەزىندە كېلىپ ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭمۇ مۇناسىپ «مُلْحَق» لىرى يەنى قوشۇمچە بابلىرى بار. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئاخىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

## 20- كۆنۈكمە

-1-

تۆۋەندىكى ۋەزىندە كەلگەن پېئىللارنى كەلتۈرۈڭ.

فَاعَلَ - اَفْعَلَ - فَعْلَلَ (المضاعف)، فَعْلَلَ (غيرالمضاعف)، فَعَّلَ (صحيح)، فَعَّلَ (معتل اللام) اَفْعَلَ (المعتل العين) اَفْعَلَ (المعتل اللام)

—2—

تۆۋەندىكى ۋەزىنلەر ئاساسىدا پېئىللارنى مصدرلىرى بىلەن قوشۇپ كەلتۈرۈڭ.

[اِفْتَعَلَ - اِفْعَلَّ - اِسْتَفْعَلَ - فَعْلَلَ - اِفْعَلَلَّ - اِفْتَعَلَ - (الاجوف) - اِفْتَعَلَ (الناقص) اِسْتَفْعَلَ (الاجوف) - اِسْتَفْعَلَ (الناقص)]

## 21- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ مَصْدَرلىرىنى كەلتۈرۈڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تَوَاصَلَ | تَوَاعَدَ | تَدَهْوَرَ | اِنْتَصَرَ |
| اِخْتَفَى | اِسْتَغْفَرَ | اِنْهَمَرَ | كَبَّرَ |
| تَسَاوَى | كَذَّبَ | قَوَّى | تَأَخَّرَ |
| تَخَلَّصَ | تَعَدَّى | عَالَجَ | أَهْدَى |
| عَامَلَ | أَطَالَ | أَسْلَمَ | اِنْتَقَمَ |
| أَسْدَى | اِنْكَوَى | اِسْتَجَابَ | دَحْرَجَ |

## 22 ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇڭ.

سَمِعَ سَامِي قَوْلَ الْمُدَرِّسِ.
أَسْمَعْتُ الطُّلَّابَ خَبَرًا سَارًّا.
نَوَّمَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا.
سَابَقَ عَلِيٌّ خَالِدًا فَسَبَقَهُ.
كَسَّرَ الْوَلَدُ الزُّجَاجَ فَانْكَسَرَ.
فَجَّرَ الْجُنْدِيُّ الْقُنْبُلَةَ فَانْفَجَرَ.
جَمَعْتُ الطُّلَّابَ فَاجْتَمَعُوا.
اِصْفَرَّ وَجْهُ الْمُصَابِ.
تَسَابَقَ عُثْمَانُ وَبَكْرٌ فِي الْعَمَلِ.
عَلَّمْتُ إِدْرِيسَ الْكِتَابَةَ فَتَعَلَّمَ.
«اِسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا»

### يەككە سۆزلەر

أَسْمَعَ يُسْمِعُ إِسْمَاعًا ئاڭلاتماق | نَوَّمَ يُنَوِّمُ تَنْوِيمًا ئۇخلاتماق

| | |
|---|---|
| سَابَقَ يُسَابِقُ مُسَابَقَةً | مۇسابىقلەشمەك |
| اِنْكَسَرَ يَنْكَسِرُ اِنْكِسَارًا | سۇنماق |
| اِجْتَمَعَ يَجْتَمِعُ اِجْتِمَاعًا | يىغىلماق |
| مُصَابٌ | ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى |
| اِسْتَغْفَرَ يَسْتَغْفِرُ اِسْتِغْفَارًا | گۇناھىنى تىلىمەك |
| عَلَّمَ يُعَلِّمُ تَعْلِيمًا | ئۆگەتمەك |
| فَجَّرَ يُفَجِّرُ تَفْجِيرًا | پارتلاتماق |
| اِصْفَرَّ يَصْفَرُّ اِصْفِرَارًا | سارغايماق |
| تَسَابَقَ يَتَسَابَقُ تَسَابُقًا | مۇسابىقلەشمەك |
| اِسْتَجَابَ يَسْتَجِيبُ اِسْتِجَابًا | ئىجابەت قىلماق |

## 1. اَلْفِعْلُ الْمَزِيْدُالثُّلَاثِيُّ

اَلْفِعْلُ الْمَزِيْدُالثُّلَاثِي تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت

### 1. اِفْعَالْ بَابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِى نىڭ بىرىنچى بابى «فاء» نىڭ ئالدىغا بىر «الف» قوشۇلۇپ كەلگەن. «اَفْعَلَ يُفْعِلُ» بابىدۇر. «مَزِيْد» پېئىللاردا بابلار پېئىلنىڭ مَصْدَرِى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مَصْدَرى «اِفْعَالٌ، فَعَالَةٌ» دىن ئىبارەت ئىككى ۋەزنىدە كېلىدۇ. ئەگەر پېئىلنىڭ «فاء» سى «واو» بولسا، «مصدر» گە ئايلاندۇرغاندا «واو» ، «ياء» غا قَلِب قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

اَوْجَبَ يُوجِبُ-اِيْجَابٌ

اَوْقَفَ يُوقِفُ-اِيْقَافٌ

اَوْضَحَ يُوضِحُ-اِيضَاحٌ

ئەگەر پېئىلنىڭ «عين» «حَرف عِلّة» لىك بولسا، ئۇنىڭ مصدرى فِعْل مَاضِى نىڭ بىرىنچى ھەرپىنى كسرة قىلىپ ئاخىرىغا «تَاءْمَرْبُوطَةْ» نى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

اَقَامَ يُقِيْمُ-اِقَامَةً

اَرَابَ يُرِيْبُ-اِرَابَةً

اَطَالَ يُطِيْلُ-اِطَالَةً

«يُفْعِلُ» ئەسلىدە «يُأَفْعِلُ» ئىدى، بۇ ھالەتتە «وَاحِد مُتَكَلِّم» شەكلىگە ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئۇنىڭ «وَاحِد مُتَكَلِّم» صىيغەسى أُأَفْعِلُ كېلىپ قالاتتى. ئەرەب تىلىدا ئىككى ھەمزەنىڭ بىر جايدا كېلىپ قېلىشى قولايسىزلىقنى كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن «يُأَفْعِلُ» نىڭ ھەمزىسىنى حذف قىلىپ «يُفْعِلُ» قىلىنغان. بۇ بابتا شۇنىڭ ئۈچۈن «مَاضِى» شەكلىدىن باشقا جايدىكى بارلىق ھەمزىلەر حَذِف قىلىنىپ كەتكەن. بۇ بابتىكى زىيادە بولۇپ كەلگەن ھەمزە، زىيادىلىك ھەرپ بولغان «هَمْزَةُ قَطْعِيَةُ» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «مُجَرَّدْ» پېئىللارغا «حَرْفُ زِيَادَةٍ» نىڭ قوشۇلۇشى پېئىللارنىڭ مەنىلىرىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ بابتىكى ھەمزە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

1. كۆپ ھاللاردا «فِعْلُ لَازِمْ» نى «فِعْلُ مُتَعَدِّى» گە يەنى ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن:

أَسْمَعْتُ خَالِدًا خَبَرًا سَارًّا فَسَمِعَ.

خالىدگە خۇش خەۋەر ئاڭلاتتىم. ئۇ ئاڭلىدى.

بۇ بولسا مەزكۇر بابنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

2. ۋاقىتقا ياكى ئورۇنغا كىرمەكنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

أَصْبَحَ سەھەرگە كىردى، سەھەرگە ئۇلاشتى.

أَمْسَى كەچكە كىردى، كەچكە ئۇلاشتى.

أَشْأَمَ شامغا كىردى.
أَعْرَقَ ئىراققا كىردى.
3. يوقىتىش، تۈگىتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن:
شَكَوْتُ زارلاندىم، شىكايەت قىلدىم.
أَشْكَوْتُ بَكْرًا بەكرىنىڭ شىكايىتىنى تۈگەتتىم.
4. مەلۇم بىر سۈپەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەك ۋە شۇنداق دەپ ھېسابلىماقنى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن:
بَخِلْتُ بىخىل بولدۇم.
أَبْخَلْتُ زَيْدًا زەيدنى بىخىل دەپ ھېسابلىدىم.
5. «اِسْتَفْعَلَ» بابى ئىپادىلەيدىغان مەنانى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن:
أَعْظَمْتُهُ يەنى «اِسْتَعْظَمْتُهُ» ئۇنىڭ بۈيۈك بولۇشىنى تىلىدىم.
پېئىللارنىڭ يۇقىرىدىكى مەنىلەردىن قايسىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىنى جۈملىنىڭ قەرىنىسىگە (كونتېكستقا) قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

## 1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«أَكْرَمَ يُكْرِمُ» نىڭ مصدر شەكلى «إِكْرَامٌ كَرَامَةٌ» كېلىدۇ (ھۆرمەتلىمەك).
آقسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدِرِدىن بارلىق مُشْتَقْ لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَقْ لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ

تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| أَكْرَمَ (ماضى) | مُكْرِمٌ (اسم فاعل) |
| يُكْرِمُ (مضارع) | مُكْرَمٌ (اسم مفعول) |
| أَكْرِمْ (امر) | مُكْرَمٌ (اسم زمان) |
| لَمْ يُكْرِمْ (جحد) | مُكْرَمٌ (اسم مكان) |
| لَا يُكْرِمُ (نفى) | |
| لَا تُكْرِمْ (نهى) | |

## سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضَمَائِرُ | مَاضِي | | مُضَارِعْ | | جَحْدْ | | نَفِي | نَهِي | اَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو | اَكْرَمَ | اُكْرِمَ | يُكْرِمُ | يُكْرَمُ | لَمْ يُكْرِمْ | لَمْ يُكْرَمْ | لَا يُكْرِمُ | لَا يُكْرِمْ | |
| هما | اَكْرَمَا | اُكْرِمَا | يُكْرِمَانِ | يُكْرَمَانِ | لَمْ يُكْرِمَا | لَمْ يُكْرَمَا | لَا يُكْرِمَانِ | لَا يُكْرِمَا | |
| هم | اَكْرَمُوا | اُكْرِمُوا | يُكْرِمُونَ | يُكْرَمُونَ | لَمْ يُكْرِمُوا | لَمْ يُكْرَمُوا | لَا يُكْرِمُونَ | لَا يُكْرِمُوا | |
| هي | اَكْرَمَتْ | اُكْرِمَتْ | تُكْرِمُ | تُكْرَمُ | لَمْ تُكْرِمْ | لَمْ تُكْرَمْ | لَا تُكْرِمُ | لَا تُكْرِمْ | |
| هما | اَكْرَمَتَا | اُكْرِمَتَا | تُكْرِمَانِ | تُكْرَمَانِ | لَمْ تُكْرِمَا | لَمْ تُكْرَمَا | لَا تُكْرِمَانِ | لَا تُكْرِمَا | |
| هن | اَكْرَمْنَ | اُكْرِمْنَ | يُكْرِمْنَ | يُكْرَمْنَ | لَمْ يُكْرِمْنَ | لَمْ يُكْرَمْنَ | لَا يُكْرِمْنَ | لَا يُكْرِمْنَ | |
| انت | اَكْرَمْتَ | اُكْرِمْتَ | تُكْرِمُ | تُكْرَمُ | لَمْ تُكْرِمْ | لَمْ تُكْرَمْ | لَا تُكْرِمُ | لَا تُكْرِمْ | اَكْرِمْ |
| انتما | اَكْرَمْتُمَا | اُكْرِمْتُمَا | تُكْرِمَانِ | تُكْرَمَانِ | لَمْ تُكْرِمَا | لَمْ تُكْرَمَا | لَا تُكْرِمَانِ | لَا تُكْرِمَا | اَكْرِمَا |
| انتم | اَكْرَمْتُمْ | اُكْرِمْتُمْ | تُكْرِمُونَ | تُكْرَمُونَ | لَمْ تُكْرِمُوا | لَمْ تُكْرَمُوا | لَا تُكْرِمُونَ | لَا تُكْرِمُوا | اَكْرِمُوا |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| انت<br>انتما<br>انتن | أَكْرَمْتِ<br>أَكْرَمْتُمَا<br>أَكْرَمْتُنَّ | أُكْرِمْتِ<br>أُكْرِمْتُمَا<br>أُكْرِمْتُنَّ | تُكْرِمِينَ<br>تُكْرِمَانِ<br>تُكْرِمْنَ | تُكْرَمِينَ<br>تُكْرَمَانِ<br>تُكْرَمْنَ | لَمْ تُكْرِمِي<br>لَمْ تُكْرِمَا<br>لَمْ تُكْرِمْنَ | لَمْ تُكْرَمِي<br>لَمْ تُكْرَمَا<br>لَمْ تُكْرَمْنَ | لَا تُكْرِمِينَ<br>لَا تُكْرَمَانِ<br>لَا تُكْرِمْنَ | لَا تُكْرِمِي<br>لَا تُكْرِمَا<br>لَا تُكْرِمْنَ | أَكْرِمِي<br>أَكْرِمَا<br>أَكْرِمْنَ |
| انا<br>نحن | أَكْرَمْتُ<br>أَكْرَمْنَا | أُكْرِمْتُ<br>أُكْرِمْنَا | أُكْرِمُ<br>نُكْرِمُ | أُكْرَمُ<br>نُكْرَمُ | لَمْ أُكْرِمْ<br>لَمْ نُكْرِمْ | لَمْ أُكْرَمْ<br>لَمْ نُكْرَمْ | لَا أُكْرَمْ<br>لَا نُكْرَمْ | لَا أُكْرِمْ<br>لَا نُكْرِمْ | |

ـ2ـ

مشتق ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

| عَدَدُ وَنَوْعٌ | اِسْمُ فَاعِل | اِسْمُ مَفْعُول | اسم زَمَان | اسمُ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدُ مُذَكَّر | مُكْرِمٌ | مُكْرَمٌ | مُكْرَمٌ | مُكْرَمٌ |
| مُثَنَّى مُذَكَّر | مُكْرِمَانِ | مُكْرَمَانِ | مُكْرَمَانِ | مُكْرَمَانِ |
| جَمْعُ مُذَكَّر | مُكْرِمُونَ | مُكْرَمُونَ | مُكْرَمُونَ | مُكْرَمُونَ |
| واحدة مؤَنَّث | مُكْرِمَةٌ | مُكْرَمَةٌ | | |
| مثني مؤنث | مُكْرِمَتَانِ | مُكْرَمَتَانِ | | |
| جمع مؤنث | مُكْرِمَاتٌ | مُكْرَمَاتٌ | | |

## تەھلىل

1. «أَكْرَمَ» «مَاضِي مَعْلُوم» بۇنى مَجْهُول قىلىش ئۈچۈن 1 - ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە كسرة ھەرىكەت بېرىلدى. «أَكْرِمَ» بولدى. 2 - كسرة لىك ھەرپىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپكە ضَمَّة ھەرىكەت بېرىلدى. «أُكْرِمَ» بولدى.

2. «يُكْرِمُ» مُضَارِع مَعْلُوم بۇنى مجهول غا ئايلاندۇرۇش

ئۇچۇن 1 - «حَرْفُ مُضَارَعة» ضمة لىك بولغاچقا، بۇنىڭغا ضمة ھەرىكەت بېرىشكە ئېھتىياج قالمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئۆز ھالىتىدە قالدى. 2 - ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە فَتْحَة ھەرىكەت بېرىلدى. «يُكْرَمُ» بولدى.

3. ھەر قانداق بىر پېئىلغا «فِعْلُ جَحَد» نى ئىپادىلىگۈچى «لَمْ» نىڭ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ «مَعْلُوم» ۋە «مَجْهُول» شەكىللىرىدە وَاحِدصِيغَة سىنىڭ ئاخىرى ساكىن بولاتتى. مُثَنَّى ۋە جمع صيغة لىرىنىڭ ئاخىرىدىن «نُون» لار چۈشۈپ قالاتتى. ئوخشاشلا بۇ پېئىلنىڭ «مَعْلُوم» ۋە «مَجْهُول» شەكىللىرىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە كۆرۈلدى.

4. «تُكْرِمُ» نى «فِعْل أَمر» غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر پېئىل ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ. يەنى «تُكْرِمُ» نىڭ ئەسلىسى «تُأَكْرِمُ» 1- بۇنىڭ ئاخىرى ساكىن قىلىنىدى. «تُأَكْرِمْ» بولدى. 2 - «حرف مضارعة» ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن تۇنجى ھەرپ ھەرىكەت بىلەن باشلىنىپ باشقا ئۆزگىرىشكە ئېھتىياج قالمىدى-دە، «أَكْرِمْ» بۇيرۇق پېئىلى ھاسىل بولدى. بۇ بابتىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلى مۇشۇ ئۇسۇلدا ياسالغان.

5. «اِسْمُ فَاعِل، اِسْمُ مَفْعُول، اسمُ زَمَان، اسمُ مَكَان» قاتارلىق مشتق ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى «دَحْرَجَة» نىڭ مشتق ئىسىملىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش. شۇنداقلا بارلىق «مَزِيْد» پېئىللارنىڭ مَصْدَرِدىن چىققان مشتق پېئىل ۋە مشتق ئىسىملارنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى يۇقىرىدىكى مشتق لەرنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

## 2. بۇ بابنىڭ مُضَاعَفْ پېئىلى ۋە ئۇنىڭ
## مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«أَحَبَّ يُحِبُّ» نىڭ مَصْدَر شەكلى «اِحْبَابْ» كېلىدۇ (دوست تۇتماق )

اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدِردىن بارلىق مُشْتَق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مُشْتَق لىرىنىڭ ۋەزىنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلە-رىنىڭ ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| أَحَبَّ | (ماضى) | مُحِبٌّ | (اسم فاعل) |
| يُحِبُّ | (مضارع) | مُحَبٌّ | (اسم مفعول) |
| أَحِبَّ | (امر) | مُحَبٌّ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُحِبَّ | (جحد) | مُحَبٌّ | (اسم مكان) |
| لَا يُحِبُّ | (نفى) | | |
| لَا تُحِبَّ | (نهى) | | |

مەزكۇر مُشْتَقْ لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن «مُضَاعَف» پېئىللار ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ. بۇلار اِعْلال جەھەتتە «فَرَّ يَفِرُّ» دىكى اِعْلال بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

### 3. بۇ بابنىڭ مِثَالْ وَاوِى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اَوْجَبَ يُوجِبُ» نىڭ مَصْدَر شەكلى «اِيجَابٌ» كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە «اِوْجَابٌ» ئىدى (بەلگىلىمەك).

اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِردىن بارلىق مُشْتَق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مُشْتَق لىرىنىڭ ۋەزىنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَوْجَبَ | (ماضی) | مُوجِبٌ | (اسم فاعل) |
| يُوجِبُ | (مضارع) | مُوجَبٌ | (اسم مفعول) |
| اَوْجِبْ | (امر) | مُوجَبٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُوجِبْ | (جحد) | مُوجَبٌ | (اسم مكان) |
| لَا يُوجِبُ | (نفی) | | |
| لَا تُوجِبْ | (نهی) | | |

مەزكۇر مُشْتَقْ لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ پېئىللار ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## 4. بۇ بابنىڭ مِثَال يَائِى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اَيْسَرَ يُوسِرُ» نىڭ مَصْدَر شەكلى «اِيْسَارٌ» كېلىدۇ (باي بولماق).

اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَرِدىن بارلىق مُشْتَق لىرى مەزكۇر پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى مُشْتَق لىرىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَيْسَرَ | (ماضی) | مُوسِرٌ | (اسم فاعل) |
| يُوسِرُ | (مضارع) | مُوسَرٌ | (اسم مفعول) |
| اَيْسِرْ | (امر) | مُوسَرٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُوسِرْ | (جحد) | مُوسَرٌ | (اسم مكان) |
| لَا يُوسِرُ | (نفی) | | |
| لَا تُوسِرْ | (نهی) | | |

مەركۇر مُشْتَق لەردىكى بارلىق «وَاوْ» لار ئەسلىدە «يَاءْ» دىن قَلِب قىلىنغان. ئەمما «مَاضِي» بىلەن «أَمْر» دىكى «ياءْ» بولسا ئۆزگەرمىگەن، ئەسلى «يَاءْ» دۇر.

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ پېئىللار ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

## 5. بۇ بابنىڭ أَجْوَف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

أَقَامَ يُقِيْمُ، أَجْوَف وَاوِي، أَرَابَ يُرِيْبُ أَجْوَفْ يَائِي دۇر. مصدر شەكىللىرى «إِرَابَةٌ، إِقَامَةٌ» كېلىدۇ(شەكىللەندۈرمەك ) ۋە مۇقىم بولماق، ئورۇندىن تۇرماق، تەكبىر ئېيتماق). أَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدِردىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| أَقَامَ | (ماضى) | مُقِيْمٌ | (اسم فاعل) |
| يُقِيْمُ | (مضارع) | مُقَامٌ | (اسم مفعول) |
| أَقِمْ | (امر) | مُقَامٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُقِمْ | (جحد) | مُقَامٌ | (اسم مكان) |
| لَا يُقِيْمُ | (نفى) | | |
| لَا تُقِمْ | (نهى) | | |

-1-

أَجْوَف نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

مُشْتَق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضمائر | ماضی | | مضارع | | جحد | | نفی | نهی | امر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | أَقَامَ<br>أَقَامَا<br>أَقَامُوا | أُقِيْمَ<br>أُقِيْمَا<br>أُقِيْمُوا | بُقِيْمُ<br>بُقِيْمَانِ<br>بُقِيْمُوْنَ | بُقَامُ<br>بُقَامَانِ<br>بُقَامُوْنَ | لَمْ بُقِمْ<br>لَمْ بُقِيْمَا<br>لَمْ بُقِيْمُوا | لَمْ بُقَمْ<br>لَمْ بُقَامَا<br>لَمْ بُقَامُوا | لَا بُقِيْمُ<br>لَا بُقِيْمَانِ<br>لَا بُقِيْمُوْنَ | لَا بُقِمْ<br>لَا بُقِيْمَا<br>لَا بُقِيْمُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | أَقَامَتْ<br>أَقَامَتَا<br>أَقَمْنَ | أُقِيْمَتْ<br>أُقِيْمَتَا<br>أُقِمْنَ | تُقِيْمُ<br>تُقِيْمَانِ<br>بُقِمْنَ | تُقَامُ<br>تُقَامَانِ<br>بُقَمْنَ | لَمْ تُقِمْ<br>لَمْ تُقِيْمَا<br>لَمْ بُقِمْنَ | لَمْ تُقَمْ<br>لَمْ تُقَامَا<br>لَمْ بُقَمْنَ | لَا تُقِيْمُ<br>لَا تُقِيْمَانِ<br>لَا بُقِمْنَ | لَا تُقِمْ<br>لَا تُقِيْمَا<br>لَا بُقِمْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | أَقَمْتَ<br>أَقَمْتُمَا<br>أَقَمْتُمْ | أُقِمْتَ<br>أُقِمْتُمَا<br>أُقِمْتُمْ | تُقِيْمُ<br>تُقِيْمَانِ<br>تُقِيْمُوْنَ | تُقَامُ<br>تُقَامَانِ<br>تُقَامُوْنَ | لَمْ تُقِمْ<br>لَمْ تُقِيْمَا<br>لَمْ تُقِيْمُوا | لَمْ تُقَمْ<br>لَمْ تُقَامَا<br>لَمْ تُقَامُوا | لَا تُقِيْمُ<br>لَا تُقِيْمَانِ<br>لَا تُقِيْمُوْنَ | لَا تُقِمْ<br>لَا تُقِيْمَا<br>لَا تُقِيْمُوا | أَقِمْ<br>أَقِيْمَا<br>أَقِيْمُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | أَقَمْتِ<br>أَقَمْتُمَا<br>أَقَمْتُنَّ | أُقِمْتِ<br>أُقِمْتُمَا<br>أُقِمْتُنَّ | تُقِيْمِيْنَ<br>تُقِيْمَانِ<br>تُقِمْنَ | تُقَامِيْنَ<br>تُقَامَانِ<br>تُقَمْنَ | لَمْ تُقِيْمِي<br>لَمْ تُقِيْمَا<br>لَمْ تُقِمْنَ | لَمْ تُقَامِي<br>لَمْ تُقَامَا<br>لَمْ تُقَمْنَ | لَا تُقِيْمِيْنَ<br>لَا تُقِيْمَانِ<br>لَا تُقِمْنَ | لَا تُقِيْمِي<br>لَا تُقِيْمَا<br>لَا تُقِمْنَ | أَقِيْمِي<br>أَقِيْمَا<br>أَقِمْنَ |
| انا<br>نحن | أَقَمْتُ<br>أَقَمْنَا | أُقِمْتُ<br>أُقِمْنَا | أُقِيْمُ<br>نُقِيْمُ | أُقَامُ<br>نُقَامُ | لَمْ أُقِمْ<br>لَمْ نُقِمْ | لَمْ أُقَمْ<br>لَمْ نُقَمْ | لَا أُقِيْمُ<br>لَا نُقِيْمُ | لَا أُقِمْ<br>لَا نُقِمْ | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

| عَدَدُ وَنَوْعْ | اِسْمِ فَاعِل | اِسْمِ مَفْعُول | اِسْمِ زَمَان | اِسْمِ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدْ مُذَكَّر | مُقِيْمٌ | مُقَامٌ | مُقَامٌ | مُقَامٌ |
| مُثَنَّى مُذَكَّر | مُقِيْمَانِ | مُقَامَانِ | مُقَامَانِ | مُقَامَانِ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جَمْعَ مذكر | مُقِيمُونَ | مُقَامُونَ | مُقَامُونَ | مُقَامُونَ |
| وَاحِدَة مؤنث | مُقِيمَةٌ | مُقَامَةٌ | | |
| مُثَنّي مؤنث | مُقِيمَتَانِ | مُقَامَتَانِ | | |
| جَمْعَ مؤنث | مُقِيمَاتٌ | مُقَامَاتٌ | | |

«اِرَابَة» نىڭ بارلىق مُشْتَق لىرى ۋە تۈرلىنىشى «اِقَامة» نىڭ بارلىق مشتق لىرى تۈرلىنىشى ۋە «اعلال» قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

## 6. بۇ بابنىڭ نَاقِص پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اَهْدَى يُهْدِي» نىڭ مَصْدر شەكلى «اِهْدَاءٌ» كېلىدۇ(سوغات بەرمەك).

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار. نىڭ مَصْدِردىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَهْدَى | (ماضى) | مُهْدٍ | (اسم فاعل) |
| يُهْدِي | (مضارع) | مُهْدًى | (اسم مفعول) |
| اَهْدِ | (امر) | مُهْدًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يُهْدِ | (جحد) | مُهْدًى | (اسم مكان) |
| لَايُهْدِي | (نفى) | | |
| لَاتُهْدِ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشلىرىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مشتق لەر. نىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

«اِهْدَاءٌ» ئەسلىدە «اِهْدَايٌ» ئىدى قَلْبٌ نىڭ شەرتى ھاسىل

بولغانلىقى ئۈچۈن «يَاءْ» ھەمزىگە قَلِب قىلىنغان.
«مُهَدٍ» ئەسلىدە «مُهْدِيٌ» ئىدى. بۇنىڭ «اعلال» قىلىنىشى «رَمْيَةٌ»
نىڭ مشتق لىرىدىكى مۇناسىپ «اعلال» قىلىنىشلارغا ئوخشاش.

### 7. بۇ بابنىڭ لفيف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اَرْوَى يُرْوِى» «لَفِيف واوى» ، «اَحْيَى يُحْيِى» «لفيف يائى»
دۇر. بۇنىڭ مصدر شەكىللىرى «اِرْوَاءٌ، اِحْيَاءٌ» كېلىدۇ.
اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-
نىڭ مَصْدِرِدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ
ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرى-
نىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

-1-

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَرْوَى | (ماضى) | مُرْوٍ | (اسم فاعل) |
| يُرْوِى | (مضارع) | مُرْوًى | (اسم مفعول) |
| اِرْوِ | (امر) | مُرْوًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يُرْوِ | (جحد) | مُرْوًى | (اسم مكان) |
| لَايُرْوِى | (نفى) | | |
| لَاتُرْوِ | نهى | | |

-2-

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَحْيَى | (ماضى) | مُحْيٍ | (اسم فاعل) |
| يُحْيِى | (مضارع) | مُحْيًى | (اسم مفعول) |
| اَحْيِ | (امر) | مُحْيًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يُحْيِ | (جحد) | مُحْيًى | (اسم مكان) |
| لَايُحْيِى | نفى | | |
| لَاتُحْيِ | نهى | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشلىرىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مُشْتَقّلەر-نىڭ تۈرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

«اِعْلال» قىلىنىشى «اَهْدٰى يُهْدى» نىڭ «اعلال» قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

## 8. بۇ بابنىڭ مُلْتَوى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اَيْدٰى يُودِى» نىڭ مصدر شەكلى «اِيْدَاءٌ» كېلىدۇ (ياردەم قىلماق).

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدِردىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَيْدى | (ماضى) | مُودٍ | (اسم فاعل) |
| يُودِى | (مضارع) | مُودًى | (اسم مفعول) |
| اَيْدِ | (امر) | مُودًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يُودِ | (جحد) | مُودًى | (اسم مكان) |
| لَايُودِى | (نفى) | | |
| لَاتُودِ | (نهى) | | |

### ملتوى نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

### مشتق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضمائر | ماضى: معلوم | ماضى: مجهول | مضارع: معلوم | مضارع: مجهول | جحد: معلوم | جحد: مجهول | نفى | نهى | امر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| هو<br>هما<br>هم | أَبْدَى<br>أَبْدَيَا<br>أَبْدَوْا | أُبْدِيَ<br>أُبْدِيَا<br>أُبْدُوا | يُبْدِي<br>يُبْدِيَانِ<br>يُبْدُونَ | يُبْدَى<br>يُبْدَيَانِ<br>يُبْدَوْنَ | لَمْ يُبْدِ<br>لَمْ يُبْدِيَا<br>لَمْ يُبْدُوا | لَمْ يُبْدَ<br>لَمْ يُبْدَيَا<br>لَمْ يُبْدَوْا | لَا يُبْدِي<br>لَا يُبْدِيَانِ<br>لَا يُبْدُونَ | لَا يُبْدِ<br>لَا يُبْدِيَا<br>لَا يُبْدُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | أَبْدَتْ<br>أَبْدَتَا<br>أَبْدَيْنَ | أُبْدِيَتْ<br>أُبْدِيَتَا<br>أُبْدِينَ | تُبْدِي<br>تُبْدِيَانِ<br>يُبْدِينَ | تُبْدَى<br>تُبْدَيَانِ<br>يُبْدَيْنَ | لَمْ تُبْدِ<br>لَمْ تُبْدِيَا<br>لَمْ يُبْدِينَ | لَمْ تُبْدَ<br>لَمْ تُبْدَيَا<br>لَمْ يُبْدَيْنَ | لَا تُبْدِي<br>لَا تُبْدِيَانِ<br>لَا يُبْدِينَ | لَا تُبْدِ<br>لَا تُبْدِيَا<br>لَا يُبْدِينَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | أَبْدَيْتَ<br>أَبْدَيْتُمَا<br>أَبْدَيْتُمْ | أُبْدِيتَ<br>أُبْدِيتُمَا<br>أُبْدِيتُمْ | تُبْدِي<br>تُبْدِيَانِ<br>تُبْدُونَ | تُبْدَى<br>تُبْدَيَانِ<br>تُبْدَوْنَ | لَمْ تُبْدِ<br>لَمْ تُبْدِيَا<br>لَمْ تُبْدُوا | لَمْ تُبْدَ<br>لَمْ تُبْدَيَا<br>لَمْ تُبْدَوْا | لَا تُبْدِي<br>لَا تُبْدِيَانِ<br>لَا تُبْدُونَ | لَا تُبْدِ<br>لَا تُبْدِيَا<br>لَا تُبْدُوا | أَبْدِ<br>أَبْدِيَا<br>أَبْدُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | أَبْدَيْتِ<br>أَبْدَيْتُمَا<br>أَبْدَيْتُنَّ | أُبْدِيتِ<br>أُبْدِيتُمَا<br>أُبْدِيتُنَّ | تُبْدِينَ<br>تُبْدِيَانِ<br>تُبْدِينَ | تُبْدَيْنَ<br>تُبْدَيَانِ<br>تُبْدَيْنَ | لَمْ تُبْدِي<br>لَمْ تُبْدِيَا<br>لَمْ تُبْدِينَ | لَمْ تُبْدَيْ<br>لَمْ تُبْدَيَا<br>لَمْ تُبْدَيْنَ | لَا تُبْدِينَ<br>لَا تُبْدِيَانِ<br>لَا تُبْدِينَ | لَا تُبْدِي<br>لَا تُبْدِيَا<br>لَا تُبْدِينَ | أَبْدِي<br>أَبْدِيَا<br>أَبْدِينَ |
| انا<br>نحن | أَبْدَيْتُ<br>أَبْدَيْنَا | أُبْدِيتُ<br>أُبْدِينَا | أُبْدِي<br>نُبْدِي | أُبْدَى<br>نُبْدَى | لَمْ أُبْدِ<br>لَمْ نُبْدِ | لَمْ أُبْدَ<br>لَمْ نُبْدَ | لَا أُبْدِي<br>لَا نُبْدِي | لَا أُبْدِ<br>لَا نُبْدِ | |

-2-

## مُشْتَقْ ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

| عددونوع | اسم فاعل | اسم مفعول | اسم زمان | اسم مكان |
|---|---|---|---|---|
| واحدمذكر | مُودٍ | مُودًى | مُودًى | مُودًى |
| مثنى مذكر | مُودِيَانِ | مُودَيَان | مُودَيَانِ | مُودَيَانِ |
| جمع مذكر | مُودُونَ | مُودَوْن | مُودَوْنَ | مُودَوْنَ |
| واحدة مؤنث | مُودِيَةٌ | مُودَيَةٌ | | |
| مثنى مؤنث | مُودِيَتَانِ | مُودَيَتَانِ | | |
| جمع مؤنث | مُودِيَاتٌ | مُودَيَاتٌ | | |

## تەھلىل

1. «آيْدَى يُودِى» «آَفْعَلَ يُفْعِلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئەسلى-سى «آيْدَيَ يُيْدِيُ» باراۋەر. بۇ پېئىل «رَمَيَ» گە ئوخشاش «يَاءْ» ھەرىكەتلىك ئالدى فَتْحَة لىك بولغاچقا، «الف مقصورة» گە قَلِب قىلىنىپ «آيْدَى» بولغان.

2. «يُيْدِيُ» دە «يَاءْ» ساكىن ئالدى ضَمَّة لىك بولغاچقا، «يَاءْ» «وَاو» غا قَلِب قىلىنىپ «يُودِيُ» بولغان. ئاخىرىدىكى ضمة «يَاءْ» غا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن «يَاءْ» نىڭ ضمة سى حذف قىلىنىپ «يُودِي» قالغان.

3. «آيْدَى» نىڭ مَجْهول شەكلى «اُودِيَ» بۇنىڭ ئۆزگىرىش تەپسىلاتى مۇنداق: «آيْدَى» نىڭ ئەسلىسى «آيْدَيَ» بۇنى مجهول قىلىش ئۈچۈن ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپكە «كَسْرَة» ھەرىكەت بېرىلدى، «آيْدِيَ» بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپكە «ضَمَّة» ھەرىكەت بېرىلدى، «اُيْدِيَ» بولدى. بۇ ھالەتتە «يَاءْ» ساكىن، ئالدىضمة لىك بولغاچقا، «يَاءْ» «وَاوْ» غا قَلِب قىلى-نىپ «اُودِيَ» بولدى. بۇنىڭ باشقا صيغة لىرىنىڭ اعلال قىلىنى-

شى «رَمْيَةً» نىڭ مۇناسىپ مشتق لىرىنىڭ «اعلال» قىلىنىشىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن اعلال قىلىنىدۇ.

## 23 - كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى مصدرلەردىن مشتق لىرىنى كەلتۈرۈڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِكْرَامٌ | اِرْشَادٌ | اِحْسَانٌ | اِيقَادٌ |
| اِيْخَاءٌ | اِيْصَاءٌ | اِرْسَالٌ | اِخْبَارٌ |

## 24 - كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1 - أَرْسَلَ اِدْرِيْسُ بَرْقِيَّةً اِلَى اَهْلِهِ.
2 - يُخْبِرُ سُلَيْمَانُ اَصْدِقَاءَهُ عَنْ مَوْعِدِ الرِّحْلَةِ.
3 - اَحْسِنُوا اِلَى مَنْ يُحْسِنُونَ اِلَيْكُمْ.
4 - اَثْمَرَتِ الشَّجَرَةُ ثِمَارًا لَذِيْذًا.
5 - اَلطَّالِبَتَانِ اَحْضَرَتَا اُجْرَةَ التَّعْلِيْمِ.
6 - اَيُّهَا الْعُصَاةُ لاَ تُضِلُّوا النَّاسَ.
7 - اَقَمْنَا فِى قَاهِرَةَ ثَلَاثَةَ اَشْهُرٍ.
8 - اَيُّهَا اَلْوَلَدُ لاَ تُوقِدِ النَّارَ.
9 - اَلْمُوسِرُ السَّخِيُّ يُنْفِقُ مِنْ اَمْوَالِهِ سُبُلَ الْخَيْرِ وَالصَّلَاحِ.
10 - «اِنَّكَ لاَتَهْدِى مَنْ اَحْبَبْتَ وَلٰكِنَّ اللّٰهَ يَهْدِى مَنْ يَشَاءُ».

## يەككە سۆزلەر

| | |
|---|---|
| أَرْسَلَ يُرْسِلُ إِرْسَالٌ ئەۋەتمەك | بَرْقِيَّةٌ ج بَرْقِيَّاتٌ تېلېگرامما |
| أَخْبَرَ يُخْبِرُ إِخْبَارٌ خەۋەر قىلماق | رِحْلَةٌ ج رِحْلَاتٌ ساياھەت، سەپەر |
| أَحْسَنَ يُحْسِنُ إِحْسَانٌ ياخشىلىق قىلماق | لَذِيْذٌ تەملىك |
| ثَمَرٌ ج ثِمَارٌ مېۋە | أُجْرَةٌ ج أُجْرَاتٌ ھەق |
| أَضَلَّ يُضِلُّ إِضْلَالٌ ئازدۇرماق | أَوْقَدَ يُوْقِدُ إِيْقَادٌ ئوت ياقماق |
| أَرْشَدَ يُرْشِدُ إِرْشَادٌ يېتەكلىمەك | أَوْصَى يُوْصِي إِيْصَاءٌ ۋەسىيەت قىلماق |

## 2. تَفْعِيْلٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ ئىككىنچى بابى «عَيْن»ى تەشدىدلىك بولغان «فَعَّلَ يُفَعِّلُ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «تَفْعِيْلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مَصْدَر شەكلى تۆۋەندىكى تۆت ۋەزىندە كېلىدۇ:

| مَعَانِي | مَصَادِر | مَاضِي مُضَارِع | أَوْزَان | رَقْم |
|---|---|---|---|---|
| خۇشال قىلماق | تَفْرِيْحٌ | فَرَّحَ يُفَرِّحُ | تَفْعِيْلٌ | 1 |
| باراۋەر قىلماق | تَسْوِيَةٌ | سَوَّى يُسَوِّي | تَفْعِلَةٌ | 2 |
| تەكرارقىلماق | تَكْرَارٌ | كَرَّرَ يُكَرِّرُ | تَفْعَالٌ | 3 |
| يىرتماق | مُمَزَّقَةٌ | مَزَّقَ يُمَزِّقُ | مُفَعَّلَةٌ | 4 |

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ئالامىتى بولغان تضعيف تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

1) فِعْلٌ لَازِمٌ نى فِعْلٌ مُتَعَدِّى گە ئايلاندۇرىدۇ.

مەسىلەن:

قَعَدَالْوَلَدُعَلَى اَلْكُرْسِيِّ

بالا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

قَعَّدْتُ الْوَلَدَ عَلَى اَلْكُرْسِيِّ.

بالىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم.

2) يوقىتىش، تۆكىتىش، ئېلىۋېتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

قَشَّرْتُ اَلْفَاكِهَةَ

مېۋىنىڭ پوستىنى ئېلىۋەتتىم.

جَرَّبْتُ اَلْبَعِيْرَ.

تۆگىنىڭ قوتۇرىنى تۆگەتتىم.

يۇقىرىدىكى ئىككى مەنە «اَفْعَلَ» نىڭ قوشۇمچە مەنىسى بىلەن ئورتاق.

3) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

جَوَّلَ زَيْدٌ فِى السُّوقِ.

زەيد بازاردا كۆپ ئايلاندى.

ياكى فَاعِلٌ يەنى ھەرىكەت ئىگىسىدىكى كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

مَوَّتَتِ اَلْاِبِلُ.

كۆپ تۆگىلەر ئۆلۈپ كەتتى.

ۋە ياكى مَفْعُولٌ يەنى ھەرىكەت ئوبيېكتىدىكى كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

غَلَّقَتِ اْلاَبْوَابَ.

ئۇ ناھايىتى كۆپ ئىشىكنى ياپتى.

4) مەلۇم بىر شەيئىنى ئەسلى پېئىلىغا نىسبەت بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

فَسَّقْتُ بَكْرًا اَوْكَفَّرْتُهُ.

بەكرىنى فاسىقلىققا نىسبەت بەردىم ياكى كوفرىغا نىسبەت بەردىم.

5) مەلۇم بىر شەيئىگە يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

شَرَّقْتُ اَمْسِ غَرَّبْتُ اَلْيَوْمَ.

تۈنۈگۈن شەرققە قاردىم، بۈگۈن غەربكە قاردىم.

6) بىر شەيئىنى قىسقارتىشنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

لَبَّي اْلحَاجُّ.

ھاجى «لَبَّيْكَ» ئېيتتى.

هَلَّلَ اْلمُصَلِّي وَسَبَّحَ.

ناماز ئوقۇغۇچى «لَااِلَهَ اِلَّا اللّٰهُ، سُبْحَانَ اللّٰهِ» دې‑دى.

7) بىر شەيئىنى قوبۇل قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

شَفَّعْتُ بَكْرًا.

بەكرىنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلدىم.

8) بەزىدە ئەسلىدىكى مجرد مەنە دە يەنى «فَعَلَ» ۋەزنىدىكى مەنەدە كېلىشىمۇ مۇمكىن.

مەسىلەن:

فَكَّرَالطَّالِبُ المسالة بدقة.

ھېلقى ئوقۇغۇچى ئۇ مەسلىدە ئىنچىكە ئويلاندى.

## 1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفو لوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

سَلَّمَ يُسَلِّمُ نىڭ مَصْدَر شەكلى تَسْلِيْمْ كېلىدۇ. آقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش. پېئىللارنىڭ مَصْدِرِ-دىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخ-شاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىر-نىڭ ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| سَلَّمَ | (ماضى) | مُسَلِّمْ | (اسم فاعل) |
| يُسَلِّمُ | (مضارع) | مُسَلَّمْ | (اسم مفعول) |
| سَلِّمْ | (امر) | مُسَلَّمْ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُسَلِّمْ | (جحد) | مُسَلَّمْ | (اسم مكان) |
| لَايُسَلِّمُ | (نفى) | | |
| لَاتُسَلِّمْ | (نهى) | | |

### سالىم نىڭ تۇرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلىنىشى

| ضَمَائِر | مَاضِي مَعْلُوم | مَاضِي مَجْهُول | مُضَارِع مَعْلُوم | مُضَارِع مَجْهُول | جَحْد مَعْلُوم | جَحْد مَجْهُول | نَفِي | نَهِي | آمر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| هو | سَلَّمَ | سُلِّمَ | يُسَلِّمُ | يُسَلَّمُ | لَمْ يُسَلِّمْ | لَمْ يُسَلَّمْ | لَايُسَلِّمُ | لَايُسَلِّمْ | |
| هما | سَلَّمَا | سُلِّمَا | يُسَلِّمَانِ | يُسَلَّمَانِ | لَمْ يُسَلِّمَا | لَمْ يُسَلَّمَا | لَايُسَلِّمَانِ | لَايُسَلِّمَا | |
| هم | سَلَّمُوا | سُلِّمُوا | يُسَلِّمُونَ | يُسَلَّمُونَ | لَمْ يُسَلِّمُوا | لَمْ يُسَلَّمُوا | لَايُسَلِّمُونَ | لَايُسَلِّمُوا | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| هي<br>هما<br>هن | سَلَّمَتْ<br>سَلَّمَتَا<br>سَلَّمْنَ | سُلِّمَتْ<br>سُلِّمَتَا<br>سُلِّمْنَ | تُسَلِّمُ<br>تُسَلِّمَانِ<br>يُسَلِّمْنَ | تُسَلَّمُ<br>تُسَلَّمَانِ<br>يُسَلَّمْنَ | لَمْ تُسَلِّمْ<br>لَمْ تُسَلِّمَا<br>لَمْ يُسَلِّمْنَ | لَمْ تُسَلَّمْ<br>لَمْ تُسَلَّمَا<br>لَمْ يُسَلَّمْنَ | لَا تُسَلِّمُ<br>لَا تُسَلِّمَانِ<br>لَا يُسَلِّمْنَ | لَا تُسَلِّمْ<br>لَا تُسَلِّمَا<br>لَا يُسَلِّمْنَ | |
| انتَ<br>انتما<br>انتم | سَلَّمْتَ<br>سَلَّمْتُمَا<br>سَلَّمْتُمْ | سُلِّمْتَ<br>سُلِّمْتُمَا<br>سُلِّمْتُمْ | تُسَلِّمُ<br>تُسَلِّمَانِ<br>تُسَلِّمُونَ | تُسَلَّمُ<br>تُسَلَّمَانِ<br>تُسَلَّمُونَ | لَمْ تُسَلِّمْ<br>لَمْ تُسَلِّمَا<br>لَمْ تُسَلِّمُوا | لَمْ تُسَلَّمْ<br>لَمْ تُسَلَّمَا<br>لَمْ تُسَلَّمُوا | لَا تُسَلِّمُ<br>لَا تُسَلِّمَانِ<br>لَا تُسَلِّمُونَ | لَا تُسَلِّمْ<br>لَا تُسَلِّمَا<br>لَا تُسَلِّمُوا | سَلِّمْ<br>سَلِّمَا<br>سَلِّمُوا |
| انتِ<br>انتما<br>انتن | سَلَّمْتِ<br>سَلَّمْتُمَا<br>سَلَّمْتُنَّ | سُلِّمْتِ<br>سُلِّمْتُمَا<br>سُلِّمْتُنَّ | تُسَلِّمِينَ<br>تُسَلِّمَانِ<br>تُسَلِّمْنَ | تُسَلَّمِينَ<br>تُسَلَّمَانِ<br>تُسَلَّمْنَ | لَمْ تُسَلِّمِي<br>لَمْ تُسَلِّمَا<br>لَمْ تُسَلِّمْنَ | لَمْ تُسَلَّمِي<br>لَمْ تُسَلَّمَا<br>لَمْ تُسَلَّمْنَ | لَا تُسَلِّمِينَ<br>لَا تُسَلِّمَانِ<br>لَا تُسَلِّمْنَ | لَا تُسَلِّمِي<br>لَا تُسَلِّمَا<br>لَا تُسَلِّمْنَ | سَلِّمِي<br>سَلِّمَا<br>سَلِّمْنَ |
| انا<br>نحن | سَلَّمْتُ<br>سَلَّمْنَا | سُلِّمْتُ<br>سُلِّمْنَا | أُسَلِّمُ<br>نُسَلِّمُ | أُسَلَّمُ<br>نُسَلَّمُ | لَمْ أُسَلِّمْ<br>لَمْ نُسَلِّمْ | لَمْ أُسَلَّمْ<br>لَمْ نُسَلَّمْ | لَا أُسَلِّمُ<br>لَا نُسَلِّمُ | لَا أُسَلِّمْ<br>لَا نُسَلِّمْ | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

| عَدَدْ وَنَوْعْ | اِسْمُ فَاعِل | اِسْمُ مَفْعُول | اِسْمُ زَمَان | اِسْمُ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدْ مُذَكَّرْ | مُسَلِّمْ | مُسَلَّمْ | مُسَلَّمْ | مُسَلَّمْ |
| مُثَنَّى مُذَكَّرْ | مُسَلِّمَانِ | مُسَلَّمَانِ | مُسَلَّمَانِ | مُسَلَّمَانِ |
| جَمْعْ مُذَكَّرْ | مُسَلِّمُونَ | مُسَلَّمُونَ | مُسَلَّمُونَ | مُسَلَّمُونَ |
| وَاحِدَةْ مُؤَنَّثْ | مُسَلِّمَةْ | مُسَلَّمَةْ | | |
| مُثَنَّى مُؤَنَّثْ | مُسَلِّمَتَانِ | مُسَلَّمَتَانِ | | |
| جَمْعْ مُؤَنَّثْ | مُسَلِّمَاتْ | مُسَلَّمَاتْ | | |

2. بۇ بابنىڭ «مُضاعَف» پېئىلى جَدَّدَ يُجَدِّدُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى تَجْدِيدٌ.

3. مثال وَاوِى پېئىلى وَحَّدَ يُوَحِّدُ كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَوْحِيدٌ.

4. «مِثَال يَائِي» پېئىلى يَسَّرَ يُيَسِّرُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى تَيْسِيْرٌ.

5. «اَجْوَف وَاوِى» پېئىلى صَوَّبَ يُصَوِّبُ كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى تَصْوِيْبٌ.

6. «اَجْوَف يَائِي» پېئىلى طَيَّبَ يُطَيِّبُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى تَطْيِيبٌ.

7. «نَاقِص» پېئىلى رَبَّى يُرَبِّي كېلىدۇ. مصدر شەكلى تَرْبِيَةٌ.

8. «لَفِيف» پېئىلى سَوَّى يُسَوِّى كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى تَسْوِيَةٌ.

9. «مُلْتَوِى» پېئىلى وَفَّى يُوَفِّي كېلىدۇ. مصدر شەكلى تَوْفِيَةٌ.

مەزكۇر مصدرلەردىن شاخلىنىپ چىققان بارلىق مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشى «سالم» مشتق لەرنىڭ بارلىق تۈرلىنىشىگە ئوخشاش. ئەمما «مُعْتَل» مشتق لەرنىڭ اعلال قىلىنىشىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ «اعلال» قىلىنىشىغا قىياس قىلسىڭىز بولىدۇ.

## 25ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى هەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

—1—

مُجَدِّدٌ مُجَدِّدُونَ لَمْ يُجَدِّدْنَ

جَدِّدْنَ لَمْ يُوَحِّدُوا مُوَحِّدٌ

مُوَجِّدَانِ     لَايُيَسِّرْ
«يَسِّرُوا     وَلَاتُعَسِّرُوا     بَشِّرُوا     وَلَا تُنَفِّرُوا»
مُصَوَّبَةٌ     صَوِّبُوا     لَمْ يُصَوِّبَا
لَايُصَوِّبَا     مُطَيِّبٌ     مُرَبِّيَانِ

—2—

«كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيْرًا» سَوُّوا صُفُوفَكُمْ، «إِذَا حُيِّيْتُمْ بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا» مُوَفِّقُوْنَ وَفَّى «وَصَّى يَعْقُوبُ بَنِيْهِ» «نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهم» «وَأَمَّا الَّذِيْنَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيْهِمْ أُجُوْرَهُمْ» «وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَاكَسَبَتْ»

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| عَسَّرَ يُعَسِّرُ تَعْسِيْرًا | قىيىنلاشتۇرماق | بَشَّرَ يُبَشِّرُ تَبْشِيْرًا | خۇش خەۋەر يەتكۈزمەك |
| نَفَّرَ يُنَفِّرُ تَنْفِيْرًا | نەپرەتلەندۈرمەك | يُحَيِّ تَحِيَّةً | سالام قىلماق |
| كَمَا رَبَّيَانِي | مېنى تەربىيىلىگەندەك | بَنِيْهِ | ئەۋلادلىرى |

## 3. مُفَاعَلَةٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ ئۈچىنچى بابى «فَاءْ» دىن كېيىن «اَلِف» زىيادە بولۇپ كەلگەن «فَاعَلَ يُفَاعِلُ» بابدۇر.

بۇ باب ئادەتتە «مُفَاعَلَةٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بابنىڭ مصدر شەكلى تۆۋەندىكى ئىككى ۋەزىندە كېلىدۇ.

| مَعَانى | مَصَادِر | مَاضِى مُضَارِعُ | اَوْزَانُ | رَقَمُ |
|---|---|---|---|---|
| سوقۇشماق | مُقَاتَلَةٌ | قَاتَلَ يُقَاتِلُ | مُفَاعَلَةٌ | 1 |
| سوقۇشماق | قِتَالٌ | قَاتَلَ يُقَاتِلُ | فِعَالٌ | 2 |

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ھەرپى بولغان «الف» تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

1) كۆپ ھاللاردا مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك شەخس ياكى نەرسىلەر ئارىسىدا ئورتاق يۈز بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

نَازَعَ زَيْدٌ مَعَ بَكْرٍ.

زەيد بەكرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى.

شَاتَمَ خَالِدٌ مَعَ ثَابِتٍ.

خالىد سابىت بىلەن تىللاشتى.

2) «فَعَّلَ» ۋەزنىدىكى مەنىسىدە مُتَعَدّى بولۇپ كۆپنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ضَاعَفَ اللّٰهُ اَجْرَهُ!

ئاللا ئەجرىنى نەچچە ھەسسە قىلغاي!

3) قىسمەن ئەھۋالدا «فَعَّلَ» ۋەزنىدىكى مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

شَاهَدْتُ مُسَلْسَلاً تِلِفِزْيُونِيًّا.

تېلېۋىزىيە چاتما تىياتىرىنى كۆردۈم.

4) «اَفْعَلَ» ۋەزنىدىكى مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بَاعَدْتُهُ

ئۇنى يىراق قىلدىم.

1. بۇ بابنىڭ «سالىم» پېئىلى ۋە ئۇنىڭ
مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

شَارَكَ يُشَارِكُ نىڭ مَصْدَر شەكلى مُشَارَكَةٌ كېلىدۇ. اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ. ھەممە مَزِيد پېئىللار ۋە ئىسىملارنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى بىلەن ياسىلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| شَارَكَ | (ماضى) | مُشَارِكٌ | (اسم فاعل) |
| يُشَارِكُ | (مضارع) | مُشَارَكٌ | (اسم مفعول) |
| شَارِكْ | (امر) | مُشَارَكٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يُشَارِكْ | (جحد) | مُشَارَكٌ | (اسم مكان) |
| لَايُشَارِكُ | (نفى) | | |
| لَاتُشَارِكْ | (نهى) | | |

## سالىم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضمائر | ماضی | | مضارع | | جحد | | نفی | نهی | امر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | شَارَكَ<br>شَارَكَا<br>شَارَكُوا | شُورِكَ<br>شُورِكَا<br>شُورِكُوا | يُشَارِكُ<br>يُشَارِكَانِ<br>يُشَارِكُونَ | يُشَارَكُ<br>يُشَارَكَانِ<br>يُشَارَكُونَ | لَمْ يُشَارِكْ<br>لَمْ يُشَارِكَا<br>لَمْ يُشَارِكُوا | لَمْ يُشَارَكْ<br>لَمْ يُشَارَكَا<br>لَمْ يُشَارَكُوا | لَا يُشَارِكُ<br>لَا يُشَارِكَانِ<br>لَا يُشَارِكُونَ | لَا يُشَارِكْ<br>لَا يُشَارِكَا<br>لَا يُشَارِكُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | شَارَكَتْ<br>شَارَكَتَا<br>شَارَكْنَ | شُورِكَتْ<br>شُورِكَتَا<br>شُورِكْنَ | تُشَارِكُ<br>تُشَارِكَانِ<br>يُشَارِكْنَ | تُشَارَكُ<br>تُشَارَكَانِ<br>يُشَارَكْنَ | لَمْ تُشَارِكْ<br>لَمْ تُشَارِكَا<br>لَمْ يُشَارِكْنَ | لَمْ تُشَارَكْ<br>لَمْ تُشَارَكَا<br>لَمْ يُشَارَكْنَ | لَا تُشَارِكُ<br>لَا تُشَارِكَانِ<br>لَا يُشَارِكْنَ | لَا تُشَارِكْ<br>لَا تُشَارِكَا<br>لَا يُشَارِكْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | شَارَكْتَ<br>شَارَكْتُمَا<br>شَارَكْتُمْ | شُورِكْتَ<br>شُورِكْتُمَا<br>شُورِكْتُمْ | تُشَارِكُ<br>تُشَارِكَانِ<br>تُشَارِكُونَ | تُشَارَكُ<br>تُشَارَكَانِ<br>تُشَارَكُونَ | لَمْ تُشَارِكْ<br>لَمْ تُشَارِكَا<br>لَمْ تُشَارِكُوا | لَمْ تُشَارَكْ<br>لَمْ تُشَارَكَا<br>لَمْ تُشَارَكُوا | لَا تُشَارِكُ<br>لَا تُشَارِكَانِ<br>لَا تُشَارِكُونَ | لَا تُشَارِكْ<br>لَا تُشَارِكَا<br>لَا تُشَارِكُوا | شَارِكْ<br>شَارِكَا<br>شَارِكُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | شَارَكْتِ<br>شَارَكْتُمَا<br>شَارَكْتُنَّ | شُورِكْتِ<br>شُورِكْتُمَا<br>شُورِكْتُنَّ | تُشَارِكِينَ<br>تُشَارِكَانِ<br>تُشَارِكْنَ | تُشَارَكِينَ<br>تُشَارَكَانِ<br>تُشَارَكْنَ | لَمْ تُشَارِكِي<br>لَمْ تُشَارِكَا<br>لَمْ تُشَارِكْنَ | لَمْ تُشَارَكِي<br>لَمْ تُشَارَكَا<br>لَمْ تُشَارَكْنَ | لَا تُشَارِكِينَ<br>لَا تُشَارِكَانِ<br>لَا تُشَارِكْنَ | لَا تُشَارِكِي<br>لَا تُشَارِكَا<br>لَا تُشَارِكْنَ | شَارِكِي<br>شَارِكَا<br>شَارِكْنَ |
| انا<br>نحن | شَارَكْتُ<br>شَارَكْنَا | شُورِكْتُ<br>شُورِكْنَا | أُشَارِكُ<br>نُشَارِكُ | أُشَارَكُ<br>نُشَارَكُ | لَمْ أُشَارِكْ<br>لَمْ نُشَارِكْ | لَمْ أُشَارَكْ<br>لَمْ نُشَارَكْ | لَا أُشَارِكُ<br>لَا نُشَارِكُ | لَا أُشَارِكْ<br>لَا نُشَارِكْ | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| عَدَدْ وَنَوْعْ | اِسْمْ فَاعِل | اِسْمْ مَفْعُول | اِسْمْ زَمَان | اِسْمْ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدْ مُذَكَّرْ | مُشَارِكٌ | مُشَارَكٌ | مُشَارَكٌ | مُشَارَكٌ |
| مُثَنَّى مُذَكَّرْ | مُشَارِكَانِ | مُشَارَكَانِ | مُشَارَكَانِ | مُشَارَكَانِ |
| جَمْع مذكر | مُشَارِكُونَ | مُشَارَكُونَ | مُشَارَكُونَ | مُشَارَكُونَ |
| واحدة مؤنث | مُشَارِكَةٌ | مُشَارَكَةٌ | | |
| مثنى مؤنث | مُشَارِكَتَانِ | مُشَارَكَتَانِ | | |
| جمع مؤنث | مُشَارِكَاتٌ | مُشَارَكَاتٌ | | |

### «اَلِف» نىڭ «وَاوْ»غا قَلِب قىلىنىشى

«الف» ساكىن بولۇپ ئالدى ضمة لىك بولسا «الف» «واو» غا قَلِب قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

سُوفِرَ شُوكِرَ بۇيىغ يەنى شَاكَرَ فِعْل مَاضِى مَعْلوم، بۇنى مجهول قىلىش ئۈچۈن ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپكە كسرة ھەرىكەت بېرىلىپ شَاكِرَ قىلىنىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپكە ضمة ھەرىكەت بېرىلدى. شُاكِرَ بولدى. بۇ ھالەتتە «الف» ساكىن، ئالدى ضمة لىك بولۇپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «اَلِف» «واو» غا قلب قىلىنىپ شُوكِرَ بولدى. مُفَاعَلَةٌ بابىدىكى بارلىق مَاضِى مَجْهول لارنىڭ ياسىلىش قائىدىسى مۇشۇ ئۇسۇلدا بولىدۇ.

## 2. بۇ بابنىڭ مُضَاعَف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

حَابَّ يُحَابُّ نىڭ مصدر شەكلى مُحَابَّةٌ كېلىدۇ.

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار. نىڭ مَصْدر شەكلىدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَابَّ | ( ماضى ) | مُحَابٌّ | ( اسم فاعل ) |
| يُحَابُّ | ( مضارع ) | مُحَابٌّ | ( اسم مفعول ) |
| حَابَّ | ( امر ) | مُحَابٌّ | ( اسم زمان ) |
| لَمْ يُحَابَّ | ( جحد ) | مُحَابٌّ | ( اسم مكان ) |
| لَا يُحَابُّ | ( نفى ) | | |
| لَا تُحَابَّ | ( نهى ) | | |

### تەھلىل

مُحَابَّةٌ «مُفَاعَلَةٌ» غا باراۋەر ئەمەس. ئەسلىسى مُحَابَبَةٌ باراۋەر.

بۇ ھالەتتە ادغام قىلىشنىڭ شەرتى ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى «باء» نىڭ ھەرىكىتى تاشلىنىپ، ئىككىنچى «باء» غا ادغام قىلىنغان.

بۇنىڭ باشقا مشتق لىرىنىڭ اعلال قىلىنىشى مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن بولىدۇ.

حَابَّ نىڭ مَجْهُول شەكلى حُوبَّ بۇ تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن مجهول قىلىنغان.

حَابَّ نىڭ ئەسلىسى حَابَبَ بۇنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەر-

پىگە كَسْرَة هەرىكەت بېرىلدى. حَابِبَ بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرىكەتلىك هەرپكە ضَمَّة هەرىكەت بېرىلدى. حُابِبَ بولدى. بۇ هالەتتە «الف» ساكىن ئالدى ضَمَّة لىك شۇنىڭ ئۈچۈن «الف» «وَاوْ» غا قَلِب قىلىنىپ حُوبِبَ بولدى. بۇ هالەتتە ادغام قىلىشنىڭ شەرتى هاسىل بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى «باء» نىڭ هەرىكىتى تاشلىنىپ، بىرىنچى «باء» ئىككىنچى «باء» غا ادغام قىلىنىپ حُوبَّ بولدى.

مُحَابٌّ اِسْمُ فَاعِل بۇ شەكىل جەهەتتىن اِسْمُ مَفْعُول، اِسْمُ زَمَان، اِسْمُ مَكَان بىلەن ئورتاق اِسْمُ فَاعِل بولغاندا ئەسلىسى مُحَابِبٌ بولىدۇ. اِسْمُ مَفْعُول بولغاندا ئەسلىسى مُحَابَبٌ بولىدۇ. بۇلاردا اِدْغَام قىلىشنىڭ شەرتى هاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن اِدّغام قىلىنغاندىكى هالىتى شەكىل جەهەتتىن ئورتاق بولغان.

3. بۇ بابنىڭ «مِثَال وَاوِى» پېئىلى وَاظَبَ يُوَاظِبُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُوَاظَبَةٌ.

4. «مِثَالْ يَائِى» پېئىلى يَاسَرَ يُيَاسِرُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُيَاسَرَةٌ.

5. «اَجْوَف وَاوِى» پېئىلى جَاوَبَ يُجَاوِبُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُجَاوَبَةٌ.

6. «اَجْوَفْ يَائِي» پېئىلى طَايَبَ يُطَايِبُ كېلىدۇ مصدر شەكلى مُطَايَبَةٌ.

7. «نَاقِص» پېئىلى حَابَىٰ يُحَابِىٰ كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُحَابَاةٌ بۇنىڭ ئەسلىسى مُحَابَاءٌ.

8. «لَفِيْف» پېئىلى دَاوَىٰ يُدَاوِى كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُدَاوَاةٌ.

9. «مُلْتَوِى» پېئىلى وَالَىٰ يُوَالِي كېلىدۇ. مصدر شەكلى مُوَالَاةٌ.

اقسام لار بويىنچە بايان قىلىنغان مەزكۇر مشتق لەرنىڭ بارلىق تۇرلەنمىلىرىنى ۋە اعلال قىلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىگە ۋە اعلال قىلىنىشىغا قىياس قىلىڭ.

## 26ـ كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— 1—

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَابَبْتُمَا | حَابَبْتُمْ | حَابُّوا | حَابِّي |
| مُحَابُّونَ | مُحَابَّتَانِ | حُوبِبْنَ | حُوبِّتَا |
| وُظِبْتُمْ | مُوَاظِبَاتٌ | مُوَاظَبَاتٌ | لَمْ يُوَاظِبَا |
| لَاتُوَاظِبَا | لَاتُوَاظِبَانِ | | |
| يَاسَرْتُمْ | يُيَاسِرَانِ | أُيَاسِرُ | |
| يُوسِرْتُ | مُيَاسِرُ | مُيَاسَرَةٌ | |
| مُتَيَاسَرَانِ | جَاوَبْتِ | يُجَاوِبْنَ | |
| جَاوَبْنَا | لَمْ تُجَاوِبْ | مُجَاوِبُونَ | |
| مُطَايِبَةٌ | حَابَيَا | حَابَيْنَ | |
| لَاتُحَابِ | حَابَيْنَا | مُدَاوِيُونَ | |
| دَاوُوا | مُوَالِيَاتٌ | مَوَالٍ مَوَالِيَ | |

— 2—

(1) بَعْدَ الْمُقَابَلَةِ صَافَحَ الزُّمَلَاءُ بَعْضُهُمْ بَعْضًا.

(2) ذَهَبَ عَبْدُ الْخَالِقِ إِلَى الْعِيَادَةِ فَعَالَجَ الطَّبِيْبُ مَرَضَهُ.

(3) اَلطُّلَّابُ يُغَادِرُونَ الْمَعْهَدَ.

(4) عَبْدُ الْكَرِيْمِ طَالِبٌ مُؤَدَّبٌ وَهُوَ يُسَاعِدُ زُمَلَائَهُ دَائِمًا.

5. رِجَالُ الْاِسْعَافِ عَالَجُوا الْجَرْحٰى بِاِخْلَاصٍ.
6. «وَجَعَلَ فِيْهَا رَوَاسِيَ مِنْ فَوْقِهَا وَ بَارَكَ فِيْهَا». «فَلْيَحْذَرِ الَّذِيْنَ يُخَالِفُوْنَ عَنْ اَمْرِهٖ».

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| قَابَلَ يُقَابِلُ مُقَابَلَةً | ئۇچراشماق | صَافَحَ يُصَافِحُ مُصَافَحَةً | كۆرۈشمەك |
| عَالَجَ يُعَالِجُ مُعَالَجَةً وَعِلَاجً | داۋالىماق | غَادَرَ يُغَادِرُ مُغَادَرَةً | ئايرىلماق |
| مُؤَدَّبٌ ج مُؤَدَّبُوْنَ | ئەدەبلىك | سَاعَدَ يُسَاعِدُ مُسَاعَدَةً | ياردەم بەرمەك |
| اَسْعَفَ يُسْعِفُ اِسْعَافًا | جىددىي قۇتقۇزماق | جَرِيْحٌ ج جَرْحٰي | يارىدار |
| اَخْلَصَ يُخْلِصُ اِخْلَاصً | سەممىيلىك | رَاسٍ ج رَوَاسِي | مەزمۇت تاغ |
| بَارَكَ يُبَارِكُ مُبَارَكَةً | بەرىكەت بەرمەك | حذر يحذر حذرا | ھەزەر ئەيلىمەك |

## 4. افتعال بابى

«اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي» نىڭ تۆتىنچى بابى باش تەرىپىگە «هَمْزَة وصلية» ۋە يىلتىزنىڭ «فاء» سىدىن كېيىن «تاء» قوشۇلۇپ كەلگەن «اِفْتَعَلَ يَفْتَعِلُ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِفْتِعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مصدر شەكلى قائىدىلىك ھالدا مۇشۇ بىر خىللا ۋەزىندە كېلىدۇ. «يَفْتَعِلُ» ئەسلىدە «يَأْفْتَعِلُ» دەپ ئوقۇلۇشقا ۋە يېزىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. «حَرْفُ مُضَارَعة» ھەممىشە ھەرىكەتلىك بولغاچقا، «همزة» تەلەپپۇزدا ۋە يېزىقتا چۈشۈپ قېلىپ «فَاء» بىلەن «حَرْفُ مُضَارَعَة» تۇتاش يېزىلغان.

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ھەرپى بولغان «همزة» ۋە «تاء» تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

(1) كۆپ ھاللاردا ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ مەنىسى «مَجْهُول» پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

جَمَعْتُهُ فَاجْتَمَعَ

ئۇنى يىغدىم، ئاندىن ئۇ يىغىلدى.

(2) پېئىلنىڭ مەنىسىنى مۇبالىغىلەشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

إِكْتَسَبَ الْفَلاَّحُ

دېھقان كۆپ ئىشلىدى.

«اِتِّخَاذْ» مەنىسىنى يەنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

إِخْتَتَمَ زَيْدٌ

زەيد ئۈزۈك ياسىتىۋالدى.

إِخْتَدَمَ زَيْدٌ بَكْرًا

زەيد بەكرىنى خىزمەتچى قىلىۋالدى.

(4) «مُفَاعَلَةٌ» بابىغا ئوخشاش ئورتاقلىق(مُشَارَكَةْ) نى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

إِخْتَلَقَ مَحْمُودٌ وَ حَسَنٌ

مەھمۇد بىلەن ھەسەن تالاش - تارتىش قىلىشتى.

(5) ئاشكارىلاش مەنىسى بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

إِعْتَظَمَ عَبْدُالرَّشِيْدِ

ئابدۇرەشىد چوڭلۇقىنى كۆرسەتتى.

إِعْتَذَرَعُثْمَانُ

ئوسمان سەۋەب كۆرسەتتى.

(6) «فَعَّلَ» ۋەزىنىدىكى مەنىسى بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

إِجْتَذَبَ مِنْ طَرَفِ ثَوْبِهِ.

ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى.

(7) تەلەپ ئۈچۈن كېلىدۇ.

مەسىلەن:

اِكْتَدَّ فُلَانًا پالانىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

## 1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىللى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

إِحْتَرَمَ يَحْتَرِمُ نىڭ مصدر شەكلى «اِحْتِرَامٌ» كېلىدۇ (ھۆرمەتلىمەك).

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار- نىڭ مَصْدَرْ شەكلىدىن بارلىق مُشْتَق لەرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| إِحْتَرَمَ | (ماضى) | مُحْتَرِمٌ | (اسم فاعل) |
| يَحْتَرِمُ | (مضارع) | مُحْتَرَمٌ | (اسم مفعول) |
| اِحْتَرِمْ | (امر) | مُحْتَرَمٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَحْتَرِمْ | (جحد) | مُحْتَرَمٌ | (اسم مكان) |
| لَا يَحْتَرِمُ | (نفى) | | |
| لَا تَحْتَرِمْ | (نهى) | | |

سالىم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

—1—

## مشتق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضمائر | ماضي | | مضارع | | جحد | | نفي | نهي | أمر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | احترم<br>احترما<br>احترموا | احترم<br>احترما<br>احترموا | يحترم<br>يحترمان<br>يحترمون | يحترم<br>يحترمان<br>يحترمون | لم يحترم<br>لم يحترما<br>لم يحترموا | لم يحترم<br>لم يحترما<br>لم يحترموا | لا يحترم<br>لا يحترمان<br>لا يحترمون | لا يحترم<br>لا يحترما<br>لا يحترموا | |
| هي<br>هما<br>هن | احترمت<br>احترمتا<br>احترمن | احترمت<br>احترمتا<br>احترمن | تحترم<br>تحترمان<br>يحترمن | تحترم<br>تحترمان<br>يحترمن | لم تحترم<br>لم تحترما<br>لم يحترمن | لم تحترم<br>لم تحترما<br>لم يحترمن | لا تحترم<br>لا تحترمان<br>لا يحترمن | لا تحترم<br>لا تحترما<br>لا يحترمن | |
| انت<br>انتما<br>انتم | احترمت<br>احترمتما<br>احترمتم | احترمت<br>احترمتما<br>احترمتم | تحترم<br>تحترمان<br>تحترمون | تحترم<br>تحترمان<br>تحترمون | لم تحترم<br>لم تحترما<br>لم تحترموا | لم تحترم<br>لم تحترما<br>لم تحترموا | لا تحترم<br>لا تحترمان<br>لا تحترمون | لا تحترم<br>لا تحترما<br>لا تحترموا | احترم<br>احترما<br>احترموا |
| انت<br>انتما<br>انتن | احترمت<br>احترمتما<br>احترمتن | احترمت<br>احترمتما<br>احترمتن | تحترمين<br>تحترمان<br>تحترمن | تحترمين<br>تحترمان<br>تحترمن | لم تحترمي<br>لم تحترما<br>لم تحترمن | لم تحترمي<br>لم تحترما<br>لم تحترمن | لا تحترمين<br>لا تحترمان<br>لا تحترمن | لا تحترمي<br>لا تحترما<br>لا تحترمن | احترمي<br>احترما<br>احترمن |
| انا<br>نحن | احترمت<br>احترمنا | احترمت<br>احترمنا | أحترم<br>نحترم | أحترم<br>نحترم | لم أحترم<br>لم نحترم | لم أحترم<br>لم نحترم | لا أحترم<br>لا نحترم | لا أحترم<br>لا نحترم | |

## -2-

### مشتق ئىسملار ۋە تۈرلىنىشى

| اِسْمْ مَكَانٍ | اِسْمْ زَمَانٍ | اِسْمْ مَفْعُولْ | اِسْمْ فَاعِلْ | عَدَدْ نَوْعْ |
|---|---|---|---|---|
| مُحْتَرَمْ | مُحْتَرَمْ | مُحْتَرَمْ | مُحْتَرِمْ | وَاحِدْ مُذَكَّرْ |
| مُحْتَرَمَانِ | مُحْتَرَمَانِ | مُحْتَرَمَانِ | مُحْتَرِمَانِ | مُثَنَّى مُذَكَّرْ |
| مُحْتَرَمُونَ | مُحْتَرَمُونَ | مُحْتَرَمُونَ | مُحْتَرِمُونَ | جَمْعْ مُذَكَّرْ |
| | | مُحْتَرَمَةٌ | مُحْتَرِمَةٌ | وَاحِدَةْ مُؤَنَّثْ |
| | | مُحْتَرَمَتَانِ | مُحْتَرِمَتَانِ | مُثَنَّى مُؤَنَّثْ |
| | | مُحْتَرَمَاتٌ | مُحْتَرِمَاتٌ | جَمْعْ مُؤَنَّثْ |

### 2. بۇ بابنىڭ مُضَاعَف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِحْتَجَّ يَحْتَجُّ» ئەسلىسى «اِحْتَجَجَ يَحْتَجِجُ» مَصْدَر شەكلى «اِحْتِجَاجٌ» كېلىدۇ(ھۆججەت كەلتۈرمەك).

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِحْتَجَّ | (ماضى) | مُحْتَجٌّ | (اسم فاعل) |
| يَحْتَجُّ | (مضارع) | مُحْتَجٌّ | (اسم مفعول) |
| اِحْتَجَّ | (امر) | مُحْتَجٌّ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَحْتَجَّ | (جحد) | مُحْتَجٌّ | (اسم مكان) |
| لَايَحْتَجُّ | (نفى) | | |
| لَاتَحْتَجَّ | (نهى) | | |

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىنى ۋە اعلال قىلىنىشلىرىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مُضَاعَف پېئىللارنىڭ ۋە ئىسىملارنىڭ تۇرلىنىشىگە قىياس قىلىڭ.

### 3. بۇ بابنىڭ مثال واوى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِتَّضَحَ يَتَّضِحُ» ئەسلىسى «اِوْتَضَحَ يَوْتَضِحُ» مصدر شەكلى «اِتِّضَاحٌ» كېلىدۇ (ئېنىق بولماق، ئوچۇق بولماق).

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدَرَ شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِتَّضَحَ | (ماضى) | مُتَّضِحٌ | (اسم فاعل) |
| يَتَّضِحُ | (مضارع) | مُتَّضَحٌ | (اسم مفعول) |
| اِتَّضِحْ | (امر) | مُتَّضَحٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَتَّضِحْ | (جحد) | مُتَّضَحٌ | (اسم مكان) |
| لَايَتَّضِحُ | (نفى) | | |
| لَاتَتَّضِحْ | (نهى) | | |

### «ۋاو، ياﺀ، ثاﺀ» نىڭ «تاﺀ» غا قلب قىلىنىشى

«اِفْتِعَال» نىڭ «فاﺀ» سى باراۋېرىدە ئۇنىڭ قايىسى مشتق لىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ۋاو، ياﺀ، ثاﺀ» ھەرپلىرىدىن بې- رەرسى كەلسە، بۇ ھەرپلەر اَلْفِعْلُ المجرد دېكى حَرْفْ اَصْلِيْ بولسىلا، بۇلارنى «تاﺀ» غا قلب قىلىش لازىمدۇر. لېكىن بۇنىڭ- دا «ۋاو، ياﺀ، ثاﺀ» نىڭ باشقا ھەرپىدىن قلب قىلىنمىغان بولۇشى مۇھىم شەرتتۇر.

«اِتَّصَلَ، اِتَّسَرَ، اِتَّجَهَ، اِتَّقَى، اِتَّضَحَ، اِتَّقَرَ» دېگەن سۆزلەرگە ئوخ- شاش.

بۇلار ئەسلىدە «وَصَلَ» دېگەن مصدردىن اشتقاق قىلىنىپ ياسالغان «اِوْتَصَلَ»، «يُسْرٌ» دىن ياسالغان «اِيْتَسَرَ»، «وَجْهَةٌ» دىن ياسالغان «اِوْتَجَهَ»، «وَقْيٌ» دىن ياسالغان «اِوْتَقَى»، «وُ- ضُوحٌ» دىن ياسالغان «اِوْتَضَحَ»، «ثَقْرٌ» دىن ياسالغان «اِثْتَقَرَ» قاتارلىق مشتق لەر ئىدى.

### «اِفْتِعَالْ» نىڭ «فَاﺀ» سى باراۋېرىدىكى «دَالُ، زَالُ، زَايْ» نىڭ قَلِب قىلىنىشى

«اِفْتِعَال» نىڭ «فَاﺀ» سى باراۋېرىدە ئۇنىڭ قايىسى مشتق لىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «دال، زال، زاي» ھەرپلىرى- دىن بىرەرسى كەلسە ئەسلىدىكى ھالەت تەلەپپۇز قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، «افتعال» نىڭ «تا» سى مەزكۇر ھەرپلەرنىڭ جىنسىغا قلب قىلىنىپ بىرىنچىسى ئىككىن- چىسىگە ادغام قىلىنىدۇ. «اِدَّمَعَ، اِذَّكَرَ، اِزَّجَرَ» دېگەن سۆزلەر- گە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە «اِدْتَمَعَ اِذْتَكَرَ اِزْتَجَرَ» ئىدى. قلب قىلىنغان ھالىتى «اِدْدَمَعَ، اِذْذَكَرَ، اِزْزَجَرَ» دۇر. بۇ ھالەتتە ادغام نىڭ شەرتى ھاسىل بولۇپ ادغام قىلىنغان. ياكى «تاﺀ» نى

«دال» غا قلب قىلىپ ادغامسز ئوقۇشقىمۇ ۋە يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن:

اِدَّكَرَ اِزْدَجَرَ اِزْدَادَ

## «اِفْتِعَالْ» «فَاءْ» سى باراۋەردىكى «صَادْ، ضَادْ، طَاءْ، ظَاءْ» نىڭ قَلِبْ قىلىنىشى

ئەگەر «اِفْتِعَال» نىڭ «فَاءْ» سى باراۋەردە ئۇنىڭ قايسى مشتق لىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «صاد، ضاد، طاء ظاء» ھەرپلىرىدىن بىرەرسى كەلسە، ئەسلىدىكى ھالەت تەلەپپۇز قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، «اِفْتِعَال» نىڭ «تَاءْ» سى «طَاءْ» غا قلب قىلىنىدۇ. «اِصْطَبَرَ، اِطَّلَعَ، اِظْطَلَمَ، اِصْطَلَحَ، اِضْطَرَبَ، اِطَّرَدَ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەسلىدە اِصْتَبَرَ، اِطْتَلَعَ، اِظْتَلَمَ، اِصْتَلَحَ، اِضْتَرَبَ، اِطْتَرَدَ ئىدى.

## تەھلىل

«اِتَّضَحَ يَتَّضِحُ» «اِفْتَعَلَ يَفْتَعِلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى «اِوْتَضَحَ يَوْتَضِحُ» باراۋەر. «مُتَّضِحٌ» «مُفْتَعِلٌ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى «مُوْتَضِحٌ» باراۋەر.

«اِفْتِعَالْ» نىڭ «فَاءْ» سىنىڭ باراۋىرىدە «وَاوْ» كەلگەنلىكى ئۈچۈن «وَاوْ» «تَاءْ» غا قَلِبْ قىلىنىپ «اِتْتَضَحَ يَتْتَضِحُ مُتْتَضِحٌ» بولدى. بۇ ھالەتتە ادغام نىڭ شەرتى ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى «تاء» ئىككىنچى «تاء» غا ادغام قىلىنىپ «اِتَّضَحَ يَتَّضِحُ مُتَّضِحٌ» بولدى. مَصْدر ۋە باشقا مشتق لىرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

## 4. بۇ بابنىڭ مثال پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِتَّسَرَ يَتَّسِرُ» نىڭ مَصْدَر شەكلى «اِتِّسَارٌ» كېلىدۇ. بۇ «اِفْتِعَال» غا باراۋەر ئەمەس، ئەسلىسى «اِيْتِسَارٌ» باراۋەر. بۇ ھەقتىكى تەھلىل يۇقىرىدا بايان قىلىندى. اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللا-رنىڭ مصدر شەكلىدىن بارلىق مُشْتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلە-رىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِتَّسَرَ | (ماضى) | مُتَّسِرٌ | (اسم فاعل) |
| يَتَّسِرُ | (مضارع) | مُتَّسَرٌ | (اسم مفعول) |
| اِتَّسِرْ | (امر) | مُتَّسَرٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَتَّسِرْ | (جحد) | مُتَّسَرٌ | (اسم مكان) |
| لَايَتَّسِرُ | نفى) | | |
| لَاتَتَّسِرْ | (نهى) | | |

## 5. بۇ بابنىڭ اجوف واوى پېئىلى ۋەئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِقْتَاتَ يَقْتَاتُ» نىڭ مصدر شەكلى «اقتيات» كېلىدۇ.

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مصدر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِقْتَاتَ | (ماضی) | مُقْتَاتٌ | (اسم فاعل) |
| يَقْتَاتُ | (مضارع) | مُقْتَاتٌ | (اسم مفعول) |
| اِقْتَتْ | (امر) | مُقْتَاتٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَقْتَتْ | (جحد) | مُقْتَاتٌ | (اسم مكان) |
| لاَيَقْتَاتُ | (نفی) | | |
| لاَتَقْتَتْ | (نهی) | | |

## تەھلىل

1. «اِقْتِيَاتٌ» ئەسلىدە «اِقْتِوَاتٌ» «واو» «كلمة» نىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ كېلىپ، ئالدى ضمة سىز بولغانلىقى ئۈچۈن «وَاوْ» «يَاءْ» غا قَلِبْ قىلىنىپ «اِقْتِيَاتٌ» بولدى.

2. «اِقْتَاتَ يَقْتَاتُ» «اِفْتَعَلَ يَفْتَعِلُ» گە باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى «اِقْتَوَتَ يَقْتَوِتُ» باراۋەر. «واو» ھەرىكەتلىك ئالدى فتحة لىك بولغانلىقى ئۈچۈن «واو» «الف» گە قلب قىلىنغان.

باشقا مشتق لىرىنىمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىڭ.

3. «مَاضِي مَجْهولْ» «اُقْتِيْتَ» كېلىدۇ، يەنى «مَاضی مَعْلوم» نىڭ ئەسلىسى «اِقْتَوَتَ»، بۇنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى ھەرپكە «كَسْرَة» ھەرىكەت بېرىلدى «اِقْتِوتَ» بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىك ھەرپكە «ضمة» ھەرىكەت بېرىلدى «اُقْتُوِتَ» بولدى. بۇ ھالەتتە «كسرة» «واو» غا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، «واو» نىڭ كسرة»سى ئالدىدىكى ھەرپكە بېرىلىپ ئاندىن كېيىن «اُقْتِوْتَ» بولدى. بۇ شەكلىنىڭ «واو» ى ساكىن،

ئالدى كسرة لىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ «واو» «ياء» غا قَلب قىلىنىپ «اُقْتِيّتْ» بولدى.

## 6. بۇ بابنىڭ اجوف يائى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِبْتَاعَ يَبْتَاعُ» نىڭ مصدر شەكلى «اِبْتِيَاعٌ» (ساتىماق) آقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار. نىڭ مَصْدر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِبْتَاعَ | (ماضى) | مُبْتَاعٌ | (اسم فاعل) |
| يَبْتَاعُ | (مضارع) | مُبْتَاعٌ | (اسم مفعول) |
| اِبْتَعْ | (امر) | مُبْتَاعٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَبْتَعْ | (جحد) | مُبْتَاعٌ | (اسم مكان) |
| لَايَبْتَاعُ | (نفى) | | |
| لَاتَبْتَعْ | (نهى) | | |

## 7. بۇ بابنىڭ ناقص پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِخْتَفَى يَخْتَفِي» نىڭ مصدر شەكلى «اِخْتِفَاءٌ» (يوشۇرۇنماق)

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار- نىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِخْتَفَى | (ماضى) | مُخْتَفٍ | (اسم فاعل) |
| يَخْتَفِي | (مضارع) | مُخْتَفًى | (اسم مفعول) |
| اِخْتَفِ | (امر) | مُخْتَفًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَخْتَفِ | (جحد) | مُخْتَفًى | (اسم مكان) |
| لَايَخْتَفِي | (نفى) | | |
| لَاتَخْتَفِ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە اعلال قىلىنىشى «رَمْيَة» نىڭ مشتق لىرىنىڭ تۈرلىنىش ۋە اعلال قىلىنىشلىرىغا قىياس قىلىنىڭ.

### 8. بۇ بابنىڭ لفيف پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِحْتَوى يَحْتَوِي» نىڭ مصدر شەكلي «اِحْتِوَاء» (ئۆز ئىچىگە ئالماق، توپلىماق)

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار- نىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق‌لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەر- نىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلار- نىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِحْتَوى | (ماضى) | مُحْتَوٍ | (اسم فاعل) |
| يَحْتَوِي | (مضارع) | مُحْتَوًى | (اسم مفعول) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِحْتَوِ | (امر) | مُحْتَوًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَحْتَوِ | (جحد) | مُحْتَوًى | (اسم مكان) |
| لَايَحْتَوِي | (نفى) | | |
| لَاتَحْتَوِ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى ۋە اعلال قىلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىش ۋە اعلال قىلىنىشىغا قىياس قىلىڭ.

## 9. بۇ بابنىڭ ملتوى پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«اِتَّقٰى يَتَّقِي» نىڭ مصدر شەكلى «اِتِّقَاءٌ» كېلىدۇ (ساقلانماق). بۇ «اِفْتِعَالٌ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى «اِوْتِقَايٌ» باراۋەر. بۇ ھەقتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەھلىلىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مشتق لەرگە قىياس قىلىڭ.

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۈۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِتَّقٰى | (ماضى) | مُتَّقٍ | (اسم فاعل) |
| يَتَّقِي | (مضارع) | مُتَّقًى | (اسم مفعول) |
| اِتَّقِ | (امر) | مُتَّقًى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَتَّقِ | (جحد) | مُتَّقًى | (اسم مكان) |
| لَايَتَّقِي | (نفى) | | |
| لَاتَتَّقِ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۈرلىنىشىنى ۋە اعلال قىلىنىشلىرىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشى ۋە اعلال قىلىنىشلىرىغا قىياس قىلىڭ.

## 27- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى مصدرلەردىن مشتق لىرىنى كەلتۈرۈڭ ۋە اقسامىلىرىنى بايان قىلىپ بارلىق تۈرلىنىشتە تۈرلەڭ.

اِتِّخَاذٌ اِتِّكَاءٌ اِحْتِيَاطٌ
اِهْتِدَاءٌ اِدِّكَارٌ اِتِّعَادٌ
اِخْتِبَارٌ اِشْتِرَاكٌ اِرْتِبَاطٌ
اِتِّفَاقٌ اِخْتِلَالٌ اِشْتِدَادٌ

## 28- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكىنى ئوقۇپ ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1. فَاِنْ تَتَّعِدْنِي أَتَّعِدْكَ بِمِثْلِهَا.
2. اَلْمُتَّقُونَ فِي سَعَادَةٍ وَنَعِيمٍ.
3. اِتَّقِ دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ.
4. «اَمَّنْ يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ.»
5. اِزْدَانَ الْاِجْتِمَاعُ بِحُضُورِكَ.
6. «هُوَالَّذِى اَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِيْنَ لِيَزْدَادُوا اِيمَانًا»
7. «لايتخذ المومنون الكافرين اولياء من دون المومنين»
8. لَاتَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا اَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللّٰهِ»

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِتَّكَأَ يَتَّكِئُ اِتِّكَاءً | يۆلەنمەك | اِتَّخَذَ يَتَّخِذُ اِتِّخَاذً | تۇتىۋالماق، قىلىۋالماق |
| اِهْتَدَى يَهْتَدِى اِهْتِدَاءً | يول تاپماق | اِدَّكَرَ يَدَّكِرُ اِدِّكَارً | ئەسلىمەك، يادلىماق |
| اِشْتَرَكَ يَشْتَرِكُ اِشْتِرَاكً | قاتناشماق | اِرْتَبَطَ يَرْتَبِطُ اِرْتِبَاطً | باغلانماق |
| اِحْتَلَّ يَحْتَلُّ اِحْتِلَالً | ئىگىلىۋالماق | اِشْتَدَّ يَشْتَدُّ اِشْتِدَادً | قاتتىق بولماق |
| اِزْدَانَ يَزْدَانُ اِزْدِيَانً | زىننەتلىمەك | سَكِينَةً | خاتىرجەملىك |

### 5. اِنْفِعَالٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ بەشىنچى بابى هَمْزَةٌ وَصْلِيَةٌ بىلەن نون قوشۇلۇپ كەلگەن «اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِنْفِعَالٌ» بَابِ دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ مَصْدر شەكلى قائىدىلىك هالدا مۇشۇ بىر خىللا ۋەزىندە كېلىدۇ.

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ئالامىتى بولغان «همزة» ۋە «نون» «اِفْتِعَال» بابىغا ئوخشاش مُطَاوَعَةنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. يەنى باشقا پېئىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ بابتا كەلگەن پېئىللار «لَازِم» پېئىللار هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، هېسسي هەرىكەتلەر ئىپادىلەنگەن پېئىللاردىنلا ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

قَطَعْتُهُ فَانْقَطَعَ

ئۇنى كەستىم، ئاندىن ئۇ كېسىلدى.

كَسَّرْتُهُ فَانْكَسَرَ

ئۇنى سۇندۇردۇم، ئاندىن ئۇ سۇندى.

اَطْلَقْتُهُ فَانْطَلَقَ.

ئۇنى قويۇپ بەردىم، ئاندىن يۈرۈپ كەتتى.

بۇ باب ھېسسىي ھەرىكەتلەر ئىپادىلەنگەن پېئىللارغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، عَلَّمْتُهُ فَانْعَلَمَ، فَهَّمْتُهُ فَانْفَهَمَ دېيىلمەيدۇ.

## 1. بۇ بابنىڭ سَالِمِ پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِنْفَصَلَ يَنْفَصِلُ نىڭ مصدر شەكلى «اِنْفِصَالٌ» كېلىدۇ. اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِنْفَصَلَ | (ماضى) | مُنْفَصِلٌ | (اسم فاعل) |
| يَنْفَصِلُ | (مضارع) | مُنْفَصَلٌ | (اسم مفعول) |
| اِنْفَصِلْ | (امر) | مُنْفَصَلٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَنْفَصِلْ | (جحد) | مُنْفَصَلٌ | (اسم مكان) |
| لَايَنْفَصِلُ | (نفى) | | |
| لَاتَنْفَصِلْ | (نهى) | | |

سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە تۈرلىنىشى

| ضَمائِرُ | مَاضِي مَعْلُوم | مَاضِي مَجْهُول | مُضَارِع مَعْلُوم | مُضَارِع مَجْهُول | جَحْد مَعْلُوم | جَحْد مَجْهُول | نَفِي | نَهِي | اَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| هو<br>هما<br>هم | اِنْفَصَلَ<br>اِنْفَصَلَا<br>اِنْفَصَلُوا | اُنْفُصِلَ<br>اُنْفُصِلَا<br>اُنْفُصِلُوا | يَنْفَصِلُ<br>يَنْفَصِلَانِ<br>يَنْفَصِلُونَ | يُنْفَصَلُ<br>يُنْفَصَلَانِ<br>يُنْفَصَلُونَ | لَمْ يَنْفَصِلْ<br>لَمْ يَنْفَصِلَا<br>لَمْ يَنْفَصِلُوا | لَمْ يُنْفَصَلْ<br>لَمْ يُنْفَصَلَا<br>لَمْ يُنْفَصَلُوا | لَا يَنْفَصِلُ<br>لَا يَنْفَصِلَانِ<br>لَا يَنْفَصِلُونَ | لَا يَنْفَصِلْ<br>لَا يَنْفَصِلَا<br>لَا يَنْفَصِلُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | اِنْفَصَلَتْ<br>اِنْفَصَلَتَا<br>اِنْفَصَلْنَ | اُنْفُصِلَتْ<br>اُنْفُصِلَتَا<br>اُنْفُصِلْنَ | تَنْفَصِلُ<br>تَنْفَصِلَانِ<br>يَنْفَصِلْنَ | تُنْفَصَلُ<br>تُنْفَصَلَانِ<br>يُنْفَصَلْنَ | لَمْ تَنْفَصِلْ<br>لَمْ تَنْفَصِلَا<br>لَمْ يَنْفَصِلْنَ | لَمْ تُنْفَصَلْ<br>لَمْ تُنْفَصَلَا<br>لَمْ يُنْفَصَلْنَ | لَا تَنْفَصِلُ<br>لَا تَنْفَصِلَانِ<br>لَا يَنْفَصِلْنَ | لَا تَنْفَصِلْ<br>لَا تَنْفَصِلَا<br>لَا يَنْفَصِلْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | اِنْفَصَلْتَ<br>اِنْفَصَلْتُمَا<br>اِنْفَصَلْتُمْ | اُنْفُصِلْتَ<br>اُنْفُصِلْتُمَا<br>اُنْفُصِلْتُمْ | تَنْفَصِلُ<br>تَنْفَصِلَانِ<br>تَنْفَصِلُونَ | تُنْفَصَلُ<br>تُنْفَصَلَانِ<br>تُنْفَصَلُونَ | لَمْ تَنْفَصِلْ<br>لَمْ تَنْفَصِلَا<br>لَمْ تَنْفَصِلُوا | لَمْ تُنْفَصَلْ<br>لَمْ تُنْفَصَلَا<br>لَمْ تُنْفَصَلُوا | لَا تَنْفَصِلُ<br>لَا تَنْفَصِلَانِ<br>لَا تَنْفَصِلُونَ | لَا تَنْفَصِلْ<br>لَا تَنْفَصِلَا<br>لَا تَنْفَصِلُوا | اِنْفَصِلْ<br>اِنْفَصِلَا<br>اِنْفَصِلُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | اِنْفَصَلْتِ<br>اِنْفَصَلْتُمَا<br>اِنْفَصَلْتُنَّ | اُنْفُصِلْتِ<br>اُنْفُصِلْتُمَا<br>اُنْفُصِلْتُنَّ | تَنْفَصِلِينَ<br>تَنْفَصِلَانِ<br>تَنْفَصِلْنَ | تُنْفَصَلِينَ<br>تُنْفَصَلَانِ<br>تُنْفَصَلْنَ | لَمْ تَنْفَصِلِي<br>لَمْ تَنْفَصِلَا<br>لَمْ تَنْفَصِلْنَ | لَمْ تُنْفَصَلِي<br>لَمْ تُنْفَصَلَا<br>لَمْ تُنْفَصَلْنَ | لَا تَنْفَصِلِينَ<br>لَا تَنْفَصِلَانِ<br>لَا تَنْفَصِلْنَ | لَا تَنْفَصِلِي<br>لَا تَنْفَصِلَا<br>لَا تَنْفَصِلْنَ | اِنْفَصِلِي<br>اِنْفَصِلَا<br>اِنْفَصِلْنَ |
| انا<br>نحن | اِنْفَصَلْتُ<br>اِنْفَصَلْنَا | اُنْفُصِلْتُ<br>اُنْفُصِلْنَا | اَنْفَصِلُ<br>نَنْفَصِلُ | اُنْفَصَلُ<br>نُنْفَصَلُ | لَمْ اَنْفَصِلْ<br>لَمْ نَنْفَصِلْ | لَمْ اُنْفَصَلْ<br>لَمْ نُنْفَصَلْ | لَا اَنْفَصِلُ<br>لَا نَنْفَصِلُ | لَا اَنْفَصِلْ<br>لَا نَنْفَصِلْ | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| عددونوع / اسماءُ مشتقة | اِسْمُ فَاعِل | اِسْمُ مَفْعُول | اِسْمُ زَمان | اِسْمُ مَكان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدمُذكَّر | مُنْفَصِلٌ | مُنْفَصَلٌ | مُنْفَصَلٌ | مُنْفَصَلٌ |
| مُثنّي مُذكَّر | مُنْفَصِلَانِ | مُنْفَصَلَانِ | مُنْفَصَلَانِ | مُنْفَصَلَانِ |
| جَمْعُ مُذكَّر | مُنْفَصِلُونَ | مُنْفَصَلُونَ | مُنْفَصَلُونَ | مُنْفَصَلُونَ |
| وَاحِدَةُ مُؤَنَّث | مُنْفَصِلَةٌ | مُنْفَصَلَةٌ | | |
| مُثنّي مُؤنَّث | مُنْفَصِلَتَانِ | مُنْفَصَلَتَانِ | | |
| جَمْعُ مُؤنَّث | مُنْفَصِلَاتٌ | مُنْفَصَلَاتٌ | | |

2. بۇ بابنىڭ «مُضَاعَفْ» پېئىلى اِنْقَضَّ يَنْقَضُّ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِنْقِضَاضْ. (پاراكەندە بولماق)

3. «اَجْوَف وَاوِى» پېئىلى اِنْقَادَ يَنْقَادُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِنْقِيَادْ. بۇنىڭ اعلال ئۆزگىرىشلىرى اِقْتِيَاتْ نىڭ مشتق لىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئوخشاش.

4. بۇ بابنىڭ «اَجْوَف يائى» پېئىلى اِنْقَاسَ يَنْقَاسُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِنْقِيَاسْ. (سېلىشتۇرماق)

5. بۇ بابنىڭ «نَاقِص» پېئىلى اِنْجَلىٰ يَنْجَلِى كېلىدۇ. مَصْدر شەكلى اِنْجِلَاءٌ. (ئېچىلماق)

اِنْجَلىٰ يَنْجَلِى «اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ» گە باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى اِنْجَلَوَ يَنْجَلِوُ باراۋەر. «وَاو» كلمة نىڭ بىر تەرىپىدە كېلىپ ئالدى ضمة سىز بولغانلىقى ئۈچۈن «وَاو» نى مَاضِىدا اَلِف

گە قلب قىلىنىپ، مُضَارِعدا «ياءْ» نىڭ ضمة سى حذف قىلىنغان.

6. بۇ بابنىڭ «لَفِيْف» پېئىلى اِنْزَوَى يَنْزَوِى كېلىدۇ. مصدر شەكلى «اِنْزِوَاءٌ». (بۇلۇڭغا بېرىپ تۇرماق)

بۇ بابتا «مُلْتَوِى» كەلمەيدۇ.

اقسام لار بويىچە بايان قىلىنغان مەزكۇر مشتق لەرنىڭ بارلىق تۇرلەنمىلىرىنى ۋە اعلال قىلىنىشىنى يۇقىرىدىكى مۇنا-سىپ مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىگە ۋە اعلال قىلىنىشىغا قىياس قىلىڭ.

## 29- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بې-رىڭ.

-1-

| | | |
|---|---|---|
| اِنْقَضُّوا | اِنْقَضَّتَا | يَنْقَضُّونَ |
| لَمْ يَنْقَضَّ | لَايَنْقَضُّوا | اِنْقَضُّوا |
| مُنْقَضَّانِ | مُنْقَضٌّ | اِنْقَاسَتْ |
| اُنْقِيْسَ | مُنْقَادٌ | مُنْقَادُونَ |
| مُنْقَادَةٌ | اُنْقِيْدُوا | لَمْ يَنْقَدْ |
| لَايَنْقَادُ | مُنْجَلٍ | مُنْجَلِيٌّ |
| اِنْجَلِ | لَاتَنْجَلِيَا | لَمْ تَنْجَلِيَا |
| لَايَنْجَلِيَانِ | لَاتَنْجَلِيَانِ | اِنْزَوِيَا |
| اِنْزَوَيْنَ | لَمْ يَنْزَوِ | لَايَنْزَوُونَ |
| لَايَنْزَوُوا | مُنْزَوٍ | مُنْزَوًى |
| مُنْزَوِيَانِ | مُنْزَوِيُونَ | اِنْزَوِ |

-2-

1. «كَذَّبَتْ ثَمُودُ بِطَغْوٰهَا اِذِ انْبَعَثَ اَشْقٰهَا».

2. يَنْبَغِي اَنْ تَتَذَكَّرَ دَائِمًا هٰذِهِ الْعِبَارَاتِ.

3. «فَفَتَحْنَا اَبْوَابَ السَّمَاءِ بِمَاءٍ مُنْهَمِرٍ».

4. قِيلَ لِمُشْرِكَةٍ شَارَكَتْ فِي تَعْذِيبِ خَبَّابٍ لَاعِلَاجَ لِمَرَضِكِ. اِذَااَرَدْتِ الشِّفَاءَ يُنْكَوَي رَأْسُكِ بِالنَّارِ. فَانْكَوَى أَهْلُهَا رَأْسَهَا. هٰكَذَا ذَاقَتْ مُشْرِكَةٌ مِنَ الْعَذَابِ الَّذِى صَنَعَتْهُ يَدُهَا.

## يەككە سۆزلەر

طَغَىٰ يَطْغِي طَغْوًا وَطُغْيَانًا هەددىدىن ئاشماق

اِنْبَعَثَ يَنْبَعِثُ اِنْبِعَاثٌ ئالدىراپ چىقماق

مُنْهَمِرٌ ج مُنْهَمِرُونَ قويۇلغۇچى

اِنْكَوَى يَنْكَوِي اِنْكِوَاءٌ داغلانماق

## 6. اِفْعِلَالٌ بابى

اَلْمَزِيدُالثُّلَاثِي نىڭ ئالتىنچى بابى هَمْزَةُوَصْلِيَّةَ بىلەن پېئىلنىڭ «عَيْن» دىن كېيىن بىرلام قوشۇلۇپ كەلگەن «اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِفْعِلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مَصْدَرْ شەكلى باشقا مَزِيدْ پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىگە ئوخشاش قائىدىلىك هالدا مەزكۇر بىر خىللا ۋەزىندە كېلىدۇ. بۇ بابتىكى زىيادىلىك ئالامىتى بولغان «هَمْزَة» ۋە «لَام» كۆپىنچە رەڭ ياكى ئەيىب - نۇقسانىنى ئىپادىلەشتە مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىپ هەممىشە پېئىل لازىم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

اِحْمَرَّ ، اِبْيَضَّ

بەك قىزىرىپ كەتتى. بەك ئاقىرىپ كەتتى.

اِعْوَرَّ ، اِعْوَجَّ

كۆزى بەك كۆرمەس بولۇپ كەتتى، بەك ئەگىرلەپ كەتتى.

«اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ» ئەسلىدە «اِفْعَلَلَ يَفْعَلِلُ» ئىدى. بىرىنچى لام نىڭ ھەرىكىتى تاشلىنىپ، بىرىنچى لام ئىككىنچى لام غا ادغام قىلىنغان.

## 1. بۇ بابنىڭ سَالِم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفو لوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِحْمَرَّ يَحْمَرُّ نىڭ مصدر شەكلى احمرار كېلىدۇ. اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِحْمَرَّ | (ماضى) | مُحْمَرٌّ | (اسم فاعل) |
| يَحْمَرُّ | (مضارع) | مُحْمَرٌّ | (اسم مفعول) |
| اِحْمَرَّ | (امر) | مُحْمَرٌّ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَحْمَرَّ | (جحد) | مُحْمَرٌّ | (اسم مكان) |
| لَايَحْمَرُّ | (نفى) | | |
| لَاتَحْمَرَّ | (نهى) | | |

سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۆلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| ضَمَائِر | مَاضِي | | مُضَارِع | | جَحْد | | نَفِي | نَهِي | أَمر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو | إِحْمَرَ | أُحْمِرَ | يَحْمِرُ | يُحْمَرُ | لَمْ يَحْمِرْ | لَمْ يُحْمَرْ | لَا يَحْمِرُ | لَا يَحْمِرْ | |
| هما | إِحْمَرَا | أُحْمِرَا | يَحْمِرَانِ | يُحْمَرَانِ | لَمْ يَحْمِرَا | لَمْ يُحْمَرَا | لَا يَحْمِرَانِ | لَا يَحْمِرَا | |
| هم | إِحْمَرُوا | أُحْمِرُوا | يَحْمِرُونَ | يُحْمَرُونَ | لَمْ يَحْمِرُوا | لَمْ يُحْمَرُوا | لَا يَحْمِرُونَ | لَا يَحْمِرُوا | |
| هي | إِحْمَرَتْ | أُحْمِرَتْ | تَحْمِرُ | تُحْمَرُ | لَمْ تَحْمِرْ | لَمْ تُحْمَرْ | لَا تَحْمِرُ | لَا تَحْمِرْ | |
| هما | إِحْمَرَتَا | أُحْمِرَتَا | تَحْمِرَانِ | تُحْمَرَانِ | لَمْ تَحْمِرَا | لَمْ تُحْمَرَا | لَا تَحْمِرَانِ | لَا تَحْمِرَا | |
| هن | إِحْمَرْنَ | أُحْمِرْنَ | يَحْمِرْنَ | يُحْمَرْنَ | لَمْ يَحْمِرْنَ | لَمْ يُحْمَرْنَ | لَا يَحْمِرْنَ | لَا يَحْمِرْنَ | |
| انت | إِحْمَرْتَ | أُحْمِرْتَ | تَحْمِرُ | تُحْمَرُ | لَمْ تَحْمِرْ | لَمْ تُحْمَرْ | لَا تَحْمِرُ | لَا تَحْمِرْ | إِحْمِرْ |
| انتما | إِحْمَرْتُمَا | أُحْمِرْتُمَا | تَحْمِرَانِ | تُحْمَرَانِ | لَمْ تَحْمِرَا | لَمْ تُحْمَرَا | لَا تَحْمِرَانِ | لَا تَحْمِرَا | إِحْمِرَا |
| انتم | إِحْمَرْتُمْ | أُحْمِرْتُمْ | تَحْمِرُونَ | تُحْمَرُونَ | لَمْ تَحْمِرُوا | لَمْ تُحْمَرُوا | لَا تَحْمِرُونَ | لَا تَحْمِرُوا | إِحْمِرُوا |
| انت | إِحْمَرْتِ | أُحْمِرْتِ | تَحْمِرِينَ | تُحْمَرِينَ | لَمْ تَحْمِرِي | لَمْ تُحْمَرِي | لَا تَحْمِرِينَ | لَا تَحْمِرِي | إِحْمِرِي |
| انتما | إِحْمَرْتُمَا | أُحْمِرْتُمَا | تَحْمِرَانِ | تُحْمَرَانِ | لَمْ تَحْمِرَا | لَمْ تُحْمَرَا | لَا تَحْمِرَانِ | لَا تَحْمِرَا | إِحْمِرَا |
| انتن | إِحْمَرْتُنَّ | أُحْمِرْتُنَّ | تَحْمِرْنَ | تُحْمَرْنَ | لَمْ تَحْمِرْنَ | لَمْ تُحْمَرْنَ | لَا تَحْمِرْنَ | لَا تَحْمِرْنَ | إِحْمِرْنَ |
| انا | إِحْمَرْتُ | أُحْمِرْتُ | أَحْمِرُ | أُحْمَرُ | لَمْ أَحْمِرْ | لَمْ أُحْمَرْ | لَا أَحْمِرُ | لا احمر | |
| نحن | إِحْمَرْنَا | أُحْمِرْنَا | نَحْمِرُ | نُحْمَرُ | لَمْ نَحْمِرْ | لَمْ نُحْمَرْ | لَا نَحْمِرُ | لا نحمر | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| الاسماء مشتقة / عدد ونوع | اِسْمُ فاعلٍ | اِسْمُ مَفْعُولٍ | اِسْمُ زَمَانٍ | اِسْمُ مَكَانٍ |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدمُذَكَّرٍ | مُحْمَرٌّ | مُحْمَرٌّ | مُحْمَرٌّ | مُحْمَرٌّ |
| مُثَنَّى مُذَكَّرٍ | مُحْمَرَّانِ | مُحْمَرَّانِ | مُحْمَرَّانِ | مُحْمَرَّانِ |
| جَمْعُ مُذَكَّرٍ | مُحْمَرُّونَ | مُحْمَرُّونَ | مُحْمَرُّونَ | مُحْمَرُّونَ |
| وَاحِدَةُ مُؤَنَّثٍ | مُحْمَرَّةٌ | مُحْمَرَّةٌ | | |
| مُثَنَّى مُؤَنَّثٍ | مُحْمَرَّتَانِ | مُحْمَرَّتَانِ | | |
| جَمْعُ مُؤَنَّثٍ | مُحْمَرَّاتٌ | مُحْمَرَّاتٌ | | |

2. بۇ بابنىڭ اَجْوَف وَاوِى پېئىلى اِسْوَدَّ يَسْوَدُّ كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى اِسْوِدَادٌ. (قارايماق)

3. بۇ بابنىڭ اَجْوَف يائى پېئىلى اِبْيَضَّ يَبْيَضُّ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِبْيِضَاضٌ. (ئاقارماق)

4. بۇ بابنىڭ «نَاقِص» پېئىلى اِرْعَوَى يَرْعَوِى كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِرْعِوَاءٌ. (يامان ئىشلاردىن ساقلانماق)

### تەھلىل

1. بۇ بابنىڭ «نَاقِصِ» دىن باشقىسى اِسْمُ فَاعِل، اِسْمُ مَفْعُول، اِسْم زَمان، اِسْم مَكان صيغة لىرى، شەكىل جەھەتتىن ئورتاق. بۇلار جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

2. اِرْعَوَى يَرْعَوِى ئەسلىدە اِرْعَوَوَ يَرْعَوِوُ ئىدى. ئاخىرقى «واو» كلمة نىڭ بىر تەرىپىدە كەلگەنلىكى ۋە «واو» نىڭ ئالدى

ضمة سىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ «وَاوْ» «ياءْ» غا قَلِب قىلىنىپ اِزْعَوَيَ يَزْعَوِيُ بولۇپ بۇ «ياءْ» ماضى دا «اَلِف» كە قَلِب قىلىندى. مُضَارِع دا ضَمَّة سى حذف قىلىندى.

بۇنىڭدا تەلەپپۇز قىلىش قىيىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، اِزْعَوَّ يَزْعَوُّ دەپ ادغام بىلەن يېزىلمايدۇ ۋە ئوقۇلمايدۇ.

مەزكۇر مصدرلەردىن شاخلىنىپ چىققان بارلىق مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشى «سَالِم» مشتق لىرىنىڭ بارلىق تۈرلىنىشىگە ئوخشاش.

## 30- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەربىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

-1-

| | | |
|---|---|---|
| مُسْوَدٌّ | مُسْوَدَّاتٌ | لَمْ يَسْوَدُّوا |
| اِسْوَدَدْنَ | لاَيَسْوَدِّ | اِسْوَدَدْنَ |
| اِسْوَدَّا | اِبْيَضُّوا | اِبْيَضِّي |
| لاَيَبْيَضُّوا | مُبْيَضُّونَ | مُزْعَوٍ |
| مُزْعَوِيَانِ | مُزْعَوًى | مُزْعَوِيَاتٌ |

-2-

1. «يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَاَمَّا الَّذِيْنَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكَفَرْتُمْ بَعْدَ اِيْمَانِكُمْ فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ وَ اَمَّا الَّذِيْنَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِاللّٰهِ هُمْ فِيْهَا خَالِدُونَ»
2. اَقْبَلَ الرَّبِيْعُ وَاخْضَرَّتِ الاَشْجَارُ
3. بَعْدَ مَا اِعْوَرَّ هٰذَا الشَّيْخُ اِتَّكَأَ عَلىٰ عَصًا مُعْوَجٍّ

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| خَالِدٌ ج خَالِدُونَ | مەڭگۈ قالغۇچى | وَجْهٌ ج وُجُوهٌ | يۈز |
| كَفَرَ يَكْفُرُ كُفْرٌ | ئىنكار قىلماق | رَبِيْعٌ | باهار |
| اَقْبَلَ يُقْبِلُ اِقْبَالٌ | يېتىپ كەلمەك | مُعْوَجٌّ | ئەگمەچ |

## 7. تَفَعُّلٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ يەتتىنچى بابى «تَاءٌ» ۋە تەكرارلانغان «عين» قوشۇلۇپ كەلگەن «تَفَعَّلَ يَتَفَعَّلُ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «تَفَعُّلٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بابنىڭ مصدر شەكلى باشقا مزيد پېئىللارنىڭ مصدر شەكلىگە ئوخشاش قائىدىلىك هالدا يۇقىرىدىكى بىر خىللا ۋەزىندە كېلىدۇ.

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ئالامىتى بولغان «تاء» ۋە «تضعيف» تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

(1) فَعَّلَ بابىغا «مُطَاوَعَة» يەنى ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

عَلَّمْتُ خَالِدًا فَتَعَلَّمَ

خالىدقا ئۆگەتتىم، ئاندىن ئۆگىنىۋالدى.

كَسَّرْتُ الزُجَاجَ فَتَكَسَّرَ

شىشىنى سۇندۇردۇم، ئاندىن ئۇ سۇنۇپ كەتتى.

(2) اتخاذ يەنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تَوَسَّدَ الْفَقِيْرُ ثَوْبَهُ

كەمبەغەل ئادەم كىيىمىنى ياستۇق قىلىۋالدى.

(3) تَكَلُّفْ نى يەنى مەلۇم بىر ئىش ياكى بىر مەلۇم سۈپەتنى مەيدانغا چىقىرىشقا ئورۇنۇشنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تَصَبَّرَتُ، تَشَبَّهْتُ

سەۋر قىلىشقا ئورۇندۇم، ئوخشىماقچى بولدۇم.

(4) ئۆزىنى تارتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

تَحَرَّجَ الْعَامِلُ

ئىشچى قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى تارتتى.

تَهَجَّدَ الزَّاهِدُ

تەقۋادار ئۇيقۇدىن ئۆزىنى تارتتى.

(5) تەلەپنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تَعَجَّلَ الشَّيْئَ

ئۇ مەلۇم بىر ئىشنى تېز قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

تَبَيَّنَهُ

ئۇنى بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفو لوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

«تَعَلَّمَ يَتَعَلَّمُ» نىڭ مصدر شەكلى تَعَلُّمًا كېلىدۇ. اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-

نىڭ مصدر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تَعَلَّمَ | (ماضى) | مُتَعَلِّمٌ | (اسم فاعل) |
| يَتَعَلَّمُ | (مضارع) | مُتَعَلَّمٌ | (اسم مفعول) |
| تَعَلَّمْ | (امر) | مُتَعَلَّمٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَتَعَلَّمْ | (جحد) | مُتَعَلَّمٌ | (اسم مكان) |
| لَايَتَعَلَّمُ | (نفى) | | |
| لَاتَتَعَلَّمْ | (نهى) | | |

## سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۆلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| ضمائر | مَاضِي | | مُضَارِعٌ | | جَحْدٌ | | نَفِي | نَهِي | أمر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | تَعَلَّمَ<br>تَعَلَّمَا<br>تَعَلَّمُوا | تُعُلِّمَ<br>تُعُلِّمَا<br>تُعُلِّمُوا | يَتَعَلَّمُ<br>يَتَعَلَّمَانِ<br>يَتَعَلَّمُونَ | يُتَعَلَّمُ<br>يُتَعَلَّمَانِ<br>يُتَعَلَّمُونَ | لَمْ يَتَعَلَّمْ<br>لَمْ يَتَعَلَّمَا<br>لَمْ يَتَعَلَّمُوا | لَمْ يُتَعَلَّمْ<br>لَمْ يُتَعَلَّمَا<br>لَمْ يُتَعَلَّمُوا | لَايَتَعَلَّمُ<br>لَايَتَعَلَّمَانِ<br>لَايَتَعَلَّمُونَ | لَايَتَعَلَّمْ<br>لَايَتَعَلَّمَا<br>لَايَتَعَلَّمُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | تَعَلَّمَتْ<br>تَعَلَّمَتَا<br>تَعَلَّمْنَ | تُعُلِّمَتْ<br>تُعُلِّمَتَا<br>تُعُلِّمْنَ | تَتَعَلَّمُ<br>تَتَعَلَّمَانِ<br>يَتَعَلَّمْنَ | تُتَعَلَّمُ<br>تُتَعَلَّمَانِ<br>يُتَعَلَّمْنَ | لَمْ تَتَعَلَّمْ<br>لَمْ تَتَعَلَّمَا<br>لَمْ يَتَعَلَّمْنَ | لَمْ تُتَعَلَّمْ<br>لَمْ تُتَعَلَّمَا<br>لَمْ يُتَعَلَّمْنَ | لَاتَتَعَلَّمُ<br>لَاتَتَعَلَّمَانِ<br>لَايَتَعَلَّمْنَ | لَاتَتَعَلَّمْ<br>لَاتَتَعَلَّمَا<br>لَايَتَعَلَّمْنَ | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| انت<br>انتما<br>انتم | تَعَلَّمْتَ<br>تَعَلَّمْتُمَا<br>تَعَلَّمْتُمْ | تُعُلِّمْتَ<br>تُعُلِّمْتُمَا<br>تُعُلِّمْتُمْ | تَتَعَلَّمُ<br>تَتَعَلَّمَانِ<br>تَتَعَلَّمُونَ | تُتَعَلَّمُ<br>تُتَعَلَّمَانِ<br>تُتَعَلَّمُونَ | لَمْ تَتَعَلَّمْ<br>لَمْ تَتَعَلَّمَا<br>لَمْ تَتَعَلَّمُوا | لَمْ تُتَعَلَّمْ<br>لَمْ تُتَعَلَّمَا<br>لَمْ تُتَعَلَّمُوا | لَا تَتَعَلَّمُ<br>لَا تَتَعَلَّمَانِ<br>لَا تَتَعَلَّمُونَ | لَا تَتَعَلَّمْ<br>لَا تَتَعَلَّمَا<br>لَا تَتَعَلَّمُوا | تَعَلَّمْ<br>تَعَلَّمَا<br>تَعَلَّمُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | تَعَلَّمْتِ<br>تَعَلَّمْتُمَا<br>تَعَلَّمْتُنَّ | تُعُلِّمْتِ<br>تُعُلِّمْتُمَا<br>تُعُلِّمْتُنَّ | تَتَعَلَّمِينَ<br>تَتَعَلَّمَانِ<br>تَتَعَلَّمْنَ | تُتَعَلَّمِينَ<br>تُتَعَلَّمَانِ<br>تُتَعَلَّمْنَ | لَمْ تَتَعَلَّمِي<br>لَمْ تَتَعَلَّمَا<br>لَمْ تَتَعَلَّمْنَ | لَمْ تُتَعَلَّمِي<br>لَمْ تُتَعَلَّمَا<br>لَمْ تُتَعَلَّمْنَ | لَا تَتَعَلَّمِينَ<br>لَا تَتَعَلَّمَانِ<br>لَا تَتَعَلَّمْنَ | لَا تَتَعَلَّمِي<br>لَا تَتَعَلَّمَا<br>لَا تَتَعَلَّمْنَ | تَعَلَّمِي<br>تَعَلَّمَا<br>تَعَلَّمْنَ |
| انا<br>نحن | تَعَلَّمْتُ<br>تَعَلَّمْنَا | تُعُلِّمْتُ<br>تُعُلِّمْنَا | أَتَعَلَّمُ<br>نَتَعَلَّمُ | أُتَعَلَّمُ<br>نُتَعَلَّمُ | لَمْ أَتَعَلَّمْ<br>لَمْ نَتَعَلَّمْ | لَمْ أُتَعَلَّمْ<br>لَمْ نُتَعَلَّمْ | لَا أَتَعَلَّمُ<br>لَا نَتَعَلَّمُ | لَا أَتَعَلَّمْ<br>لَا نَتَعَلَّمْ | |

## مشتق ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

-2-

| اسماء مشتقة / عَدَد و نوع | اِسْمُ فَاعِلٍ | اِسْمُ مَفْعُولٍ | اِسْمُ زَمَانٍ | اِسْمُ مَكَانٍ |
|---|---|---|---|---|
| واحد مذكر | مُتَعَلِّمٌ | مُتَعَلَّمٌ | مُتَعَلَّمٌ | مُتَعَلَّمٌ |
| مثنى مذكر | مُتَعَلِّمَانِ | مُتَعَلَّمَانِ | مُتَعَلَّمَانِ | مُتَعَلَّمَانِ |
| جمع مذكر | مُتَعَلِّمُونَ | مُتَعَلَّمُونَ | مُتَعَلَّمُونَ | مُتَعَلَّمُونَ |
| واحدة مؤنث | مُتَعَلِّمَةٌ | مُتَعَلَّمَةٌ | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مُثَنَّى مُؤَنَّثْ | مُتَعَلِّمَتَانِ | مُتَعَلَّمَتَانِ | | |
| جَمْع مُؤَنَّثْ | مُتَعَلِّمَاتٌ | مُتَعَلَّمَاتٌ | | |

## «تَفَعُّلٌ، تَفَاعُلٌ، تَفَعْلُلٌ» بابلىرىنىڭ «تاء» سىنىڭ حذف قىلىنىشى

«تفعل، تفاعل، تفعلل» بابلىرىنىڭ صيغة لىرىدە كەلگەن ئىككى «تاء» نىڭ بىرسىنى حذف قىلىشقا بولىدۇ. تَصَدَّى، تَلَظَّى، تَنَزَّلَ دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش بۇلار ئەسلىدە تَتَصَدَّى، تَتَلَظَّى، تَتَنَزَّلُ ئىدى.

ئەگەر بۇيرۇق پېئىلى ياساشقا توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى «تاء» ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

2. بۇ بابنىڭ «مُضَاعَفْ» پېئىلى تَجَدَّدَ يَتَجَدَّدُ مصدر شەكلى «تَجَدُّدٌ» كېلىدۇ. (يېڭىلانماق)

3. بۇ بابنىڭ «مِثَال وَاوِي» پېئىلى تَوَرَّدَ يَتَوَرَّدُ، مصدر شەكلى تَوَرُّدٌ كېلىدۇ. (گۈل شەكلىگە كىرمەك)

4. بۇ بابنىڭ «مِثَال يَائِي» پېئىلى تَيَسَّرَ يَتَيَسَّرُ، مصدر شەكلى تَيَسُّرٌ كېلىدۇ. (ئاسان بولماق)

5. بۇ بابنىڭ «اَجْوَف وَاوِي» پېئىلى تَصَوَّرَ يَتَصَوَّرُ، مصدر شەكلى تَصَوُّر كېلىدۇ. (تەسەۋۋۇر قىلماق)

6. بۇ بابنىڭ «اَجْوَف يَائِي» پېئىلى تَحَيَّرَ يَتَحَيَّرُ، مصدر شەكلى تَحَيُّرٌ كېلىدۇ. (ھەيران قالماق)

7. بۇ بابنىڭ «نَاقِص» پېئىلى تَقَضَّى يَتَقَضَّى، مصدر شەكلى تَقَضِّيٌ كېلىدۇ. (پۈتۈنلەي يوقالماق)

8. بۇ بابنىڭ «لَفِيْف وَاوِي» پېئىلى تَرَوَّى يَتَرَوَّى، مصدر شەكلى تَرَوِّيْ كېلىدۇ. (ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرماق)

9. بۇ بابنىڭ «لَفِيْف يَائِي» پېئىلى تَزَيَّ يَتَزَيَّ، مصدر شەكلى «تَزَيِّيْ» كېلىدۇ. (ياسانماق)

10. بۇ بابنىڭ «ملتوى» پېئىلى تَوَفَّى يَتَوَفَّى، مصدر شەكلى «تَوَفِّيْ» كېلىدۇ. (ئۆلتۈرمەك)

بۇ «تَفَعَّلَ يَتَفَعَّلُ» غا باراۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىسى تَوَفَّيَ يَتَوَفَّيُ باراۋەر.

مەزكۇر مشتق لەرنىڭ بارلىق تۇرلەنمىلىرىنى ۋە اعلال قىلىنىشلىرىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىپ مشتق لەرنىڭ تۇرلىنىشىگە ۋە اعلال قىلىنىشىغا قىياس قىلىڭ.

## 31- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەربىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

-1-

| | | |
|---|---|---|
| مُتَحَدِّثٌ | يَتَحَدَّثُوْنَ | مُتَحَلِّلَةٌ |
| لَمْ يَتَطَيَّبُوا | تَفَضَّلُوا | تَقَدَّمُوا |
| تَفَصَّحُوا | لَمْ يَتَفَصَّحُوا | مُتَوَرِّدَةٌ |
| تَيَسَّرَا | يَتَيَسَّرَانِ | تَتَيَسَّرُوْنَ |
| لَايَتَيَسَّرُ | لَاتَتَيَسَّرُ | تُصُوِّرَتْ |
| لَمْ تُتَصَوَّرْنَ | لَايَتَصَوَّرُوْنَ | مُتَصَوَّرَاتٌ |
| مُتَقَضٍّ | مُتَقَضِّيْ | مُتَقَضِّيَانِ |

تَرَوَّيَا    تَرَوَّوْا    يَتَرَوَّوْنَ

مُتَوَفٍّ    مُتَوَفًّى    تُوُفِّيَ

-2-

1. تَقَدَّمَ هٰذَا الطَّالِبُ بِسُرْعَةٍ.
2. اَللَّاعِبُونَ تَسَلَّمُوا جَائِزَةَ كَأْسِ الْعَالَمِ.
3. أَيُّهَا الْمُخْلِصُونَ تَخَلَّصُوا مِنْ تَأْثِيرِ النِّفَاقِ.
4. تَأَخَّرَتِ الطَّائِرَةُ الْيَوْمَ.
5. تَخَلَّصَ الْحَمَامُ مِنْ شَبَكَةِ الصَّيَّادِ.
6. تَتَحَدَّثُ عَائِشَةُ فِي التِّلْفَازِ.
7. يَتَطَيَّبُ الْمُصَلُّونَ قَبْلَ صَلَاةِ الْجُمُعَةِ.
8. لَمْ يَتَجَمَّعِ الشُّهُودُ فِي الْمَحْكَمَةِ.

يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| مُتَحَدِّثٌ ج مُتَحَدِّثُونَ | سۆزلىگۈچى، باياناتچى | مُتَحَلَّلَةٌ ج مُتَحَلَّلَاتٌ | هالال قىلىنغان |
| تَسَلَّمَ يَتَسَلَّمُ تَسَلُّمٌ | تاپشۇرۇپ ئالماق | كَأْسُ الْعَالَمِ | دۇنيا لوڭقىسى |
| تَخَلَّصَ يَتَخَلَّصُ تَخَلُّصٌ | قۇتۇلۇش | نِفَاقٌ | ئىككى يۈزلىمىچىلىك |
| شَبَكَةٌ ج شَبَكَاتٌ | تور | صَيَّادٌ | ئوۋچى |
| تِلْفَازٌ | تېلېۋىزور | تَجَمَّعَ يَتَجَمَّعُ تَجَمُّعٌ | يىغىلىش |
| شُهُودٌ | گۇۋاھچى | مَحْكَمَةٌ | سوت |

## 8. تَفَاعُلٌ بابى

اَلْمَزِيْدُ الثُّلَاثِي نىڭ سەككىزىنچى بابى «تاء» ۋە «فاء» دىن كېيىن «اَلف» قوشۇلۇپ كەلگەن تَفَاعَلَ يَتَفَاعَلُ بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە تَفَاعُلٌ بابى دەپ ئاتىلىدۇ. مصدر شەكلى تَفَاعُلٌ كېلىدۇ.

بۇ بابتىكى زىيادىلىك ھەرپى بولغان «تاء» وە «الف» تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) بۇ بابتىكى زىيادىلىك ئالامىتى ھەرپى بولغان «تاء» ۋە «الف»، «مُفَاعَلَةٌ» بابىغا ئوخشاش ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاق ھاسىل بولغان ئىش-ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تَجَازَبَ زَيْدٌ وَ عَمَرٌ ثَوْبًا.

زەيد بىلەن ئۆمەر بىر كىيىمنى تارتىشتى.

تَخَاصَمَ زَيْدٌ وَعَمْرٌو.

زەيد ۋە ئەمىر دەۋالىشىپ قالدى.

(2) يۈز بەرمىگەن ئىشنى يۈز بەرگەن قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

تَنَاوَمَ اَلْوَلَدُ.

ئۇ بالا ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

(3) بىر ئىشنىڭ تەدرىجىي يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تَزَايَدَ مَاءُ النَّهرِ.

دەريانىڭ سۈيى تەدرىجىي كۆپەيدى.

(4) «مُفَاعَلَةٌ» بابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ كېلىدۇ.

مەسلەن:

بَاعَدْتُهُ فَتَبَاعَدَ.

ئۇنى يىراق قىلدىم، ئاندىن ئۇ يىراق بولدى.

1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفو لوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

تَبَادَلَ يَتَبَادَلُ نىڭ مصدر شەكلى تَبَادُلٌ كېلىدۇ.

ئَقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مصدر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تَبَادَلَ | (ماضى) | مُتَبَادِلٌ | (اسم فاعل) |
| يَتَبَادَلُ | (مضارع) | مُتَبَادَلٌ | (اسم مفعول) |
| تَبَادَلْ | (امر) | مُتَبَادَلٌ | (اسمزمان) |
| لَمْ يَتَبَادَلْ | (جحد) | مُتَبَادَلٌ | (اسم مكان) |
| لَا يَتَبَادَلُ | (نفى) | | |
| لَاتَتَبَادَلْ | (نهى) | | |

سالىم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

مشتق پېئىللارۋە تۈرلىنىشى

| فعل | مَاضِي | | مُضَارِعُ | | جَحْدْ | | نَفِي | نَهِي | أَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| هو<br>هما<br>هم | تَبَادَلَ<br>تَبَادَلَا<br>تَبَادَلُوا | تُبُودِلَ<br>تُبُودِلَا<br>تُبُودِلُوا | يَتَبَادَلُ<br>يَتَبَادَلَانِ<br>يَتَبَادَلُونَ | يُتَبَادَلُ<br>يُتَبَادَلَانِ<br>يُتَبَادَلُونَ | لَمْ يَتَبَادَلْ<br>لَمْ يَتَبَادَلَا<br>لَمْ يَتَبَادَلُوا | لَمْ يُتَبَادَلْ<br>لَمْ يُتَبَادَلَا<br>لَمْ يُتَبَادَلُوا | لَا يَتَبَادَلُ<br>لَا يَتَبَادَلَانِ<br>لَا يَتَبَادَلُونَ | لَا يَتَبَادَلْ<br>لَا يَتَبَادَلَا<br>لَا يَتَبَادَلُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | تَبَادَلَتْ<br>تَبَادَلَتَا<br>تَبَادَلْنَ | تُبُودِلَتْ<br>تُبُودِلَتَا<br>تُبُودِلْنَ | تَتَبَادَلُ<br>تَتَبَادَلَانِ<br>يَتَبَادَلْنَ | تُتَبَادَلُ<br>تُتَبَادَلَانِ<br>يُتَبَادَلْنَ | لَمْ تَتَبَادَلْ<br>لَمْ تَتَبَادَلَا<br>لَمْ يَتَبَادَلْنَ | لَمْ تُتَبَادَلْ<br>لَمْ تُتَبَادَلَا<br>لَمْ يُتَبَادَلْنَ | لَا تَتَبَادَلُ<br>لَا تَتَبَادَلَانِ<br>لَا يَتَبَادَلْنَ | لَا تَتَبَادَلْ<br>لَا تَتَبَادَلَا<br>لَا يَتَبَادَلْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | تَبَادَلْتَ<br>تَبَادَلْتُمَا<br>تَبَادَلْتُمْ | تُبُودِلْتَ<br>تُبُودِلْتُمَا<br>تُبُودِلْتُمْ | تَتَبَادَلُ<br>تَتَبَادَلَانِ<br>تَتَبَادَلُونَ | تُتَبَادَلُ<br>تُتَبَادَلَانِ<br>تُتَبَادَلُونَ | لَمْ تَتَبَادَلْ<br>لَمْ تَتَبَادَلَا<br>لَمْ تَتَبَادَلُوا | لَمْ تُتَبَادَلْ<br>لَمْ تُتَبَادَلَا<br>لَمْ تُتَبَادَلُوا | لَا تَتَبَادَلُ<br>لَا تَتَبَادَلَانِ<br>لَا تَتَبَادَلُونَ | لَا تَتَبَادَلْ<br>لَا تَتَبَادَلَا<br>لَا تَتَبَادَلُوا | تَبَادَلْ<br>تَبَادَلَا<br>تَبَادَلُوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | تَبَادَلْتِ<br>تَبَادَلْتُمَا<br>تَبَادَلْتُنَّ | تُبُودِلْتِ<br>تُبُودِلْتُمَا<br>تُبُودِلْتُنَّ | تَتَبَادَلِينَ<br>تَتَبَادَلَانِ<br>تَتَبَادَلْنَ | تُتَبَادَلِينَ<br>تُتَبَادَلَانِ<br>تُتَبَادَلْنَ | لَمْ تَتَبَادَلِي<br>لَمْ تَتَبَادَلَا<br>لَمْ تَتَبَادَلْنَ | لَمْ تُتَبَادَلِي<br>لَمْ تُتَبَادَلَا<br>لَمْ تُتَبَادَلْنَ | لَا تَتَبَادَلِينَ<br>لَا تَتَبَادَلَانِ<br>لَا تَتَبَادَلْنَ | لَا تَتَبَادَلِي<br>لَا تَتَبَادَلَا<br>لَا تَتَبَادَلْنَ | تَبَادَلِي<br>تَبَادَلَا<br>تَبَادَلْنَ |
| انا<br>نحن | تَبَادَلْتُ<br>تَبَادَلْنَا | تُبُودِلْتُ<br>تُبُودِلْنَا | أَتَبَادَلُ<br>نَتَبَادَلُ | أُتَبَادَلُ<br>نُتَبَادَلُ | لَمْ أَتَبَادَلْ<br>لَمْ نَتَبَادَلْ | لَمْ أُتَبَادَلْ<br>لَمْ نُتَبَادَلْ | لَا أَتَبَادَلُ<br>لَا نَتَبَادَلُ | لَا أَتَبَادَلْ<br>لَا نَتَبَادَلْ | |

-2-

## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| اسماء مشتقة<br>عدد و نوع | اسم فاعل | اسم مفعول | اسم زمان | اسم مكان |
|---|---|---|---|---|

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدُ مُذَكَّرٍ | مُتَبادِلٌ | مُتَبادَلٌ | مُتَبادَلٌ | مُتَبادَلٌ |
| مُثَنَّى مُذَكَّرٍ | مُتَبادِلاَنِ | مُتَبادَلاَنِ | مُتَبادَلاَنِ | مُتَبادَلاَنِ |
| جَمْعُ مُذَكَّرٍ | مُتَبادِلُونَ | مُتَبادَلُونَ | مُتَبادَلُونَ | مُتَبادَلُونَ |
| وَاحِدَةُ مُؤَنَّثٍ | مُتَبادِلَةٌ | مُتَبادَلَةٌ | | |
| مثنى مُؤَنث | مُتَبادِلَتانِ | مُتَبادَلَتانِ | | |
| جَمعُ مؤنث | مُتَبادِلاَتٌ | مُتَبادَلاَتٌ | | |

## «تَفَاعُلْ» بابىنىڭ «تَاءْ» سىنىڭ قَلِب قىلىنىشى

«اِفْتِعَال» بابىدا بايان قىلىنغان «ت، د، ذ، ز، س، ص، ض، ط، ظ» لاردىن ئىبارەت توققۇز ھەرپتىن بىرەرسى «تَفَعُّلْ» ۋە «تَفَاعُلْ» بابىنىڭ «فاءْ» سى باراۋەردە كەلسە، ۋەزىنىنىڭ «تاءْ» سىنى مەزكۇر ھەرپىنىڭ جىنسىغا قَلِب قىلىپ بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىگە اِدْغام قىلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: تَطَهَّرَ، تَزَيَّنَ، تَدَارَكَ، تَدَاخَرَ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى «طْطَهَّرَ، زْزَيَّنَ، دْدَارَكَ، دْدَاخَرَ» شەكىللىرىگە ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇ خىل ھالەتتە ساكىن بىلەن باشلاش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن باش تەرىپىگە كسرة لىك همزة وصلية كەلتۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

اِطَّهَّرَ، اِزَّيَّنَ، اِدَّارَكَ، اِدَّاخَرَ.

2. بۇ بابنىڭ «مضاعف» پېئىلى تَصَامَّ يَتَصَامُّ كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَصَامٌّ (گاس بولىۋالماق).

3. بۇ بابنىڭ «مِثَال وَاوِى» پېئىلى تَوَارَثَ يَتَوَارَثُ كېلىدۇ، مَصْدَر شەكلى تَوَارُثْ (مىراس قالماق).

4. بۇ بابنىڭ «مِثَال يَائِي» پېئىلى تَيَاسَرَ يَتَيَاسَرُ كېلىدۇ،

مصدر شەكلى تَيَاسُرُ (سولغا كەتمەك).

5. بۇ بابنىڭ «اَجْوَف وَاوى»، پېئىلى تَجَاوَبَ يَتَجَاوَبُ كېلى-دۇ. مَصْدر شەكلى تَجَاوُبُ (جاۋابلاشماق).

6. بۇ بابنىڭ «اَجْوَفْ يَائِي» پېئىلى تَزَايَدَ يَتَزَايَدُ كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَزَايُدُ (ئاشماق).

7. بۇ بابنىڭ «نَاقِص» پېئىلى تَصَابىٰ يَتَصَابىٰ كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَصَابِيْ (ئاشىق بولماق).

8. بۇ بابنىڭ «لفيف» پېئىلى تَدَاوَى يَتَدَاوِى كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَدَاوِىْ (دورا قىلماق).

9. بۇ بابنىڭ «مُلْتَوى» پېئىلى تَوَارَى يَتَوَارَى كېلىدۇ، مصدر شەكلى تَوَارِيْ (يوشۇرۇنماق).

## تەھلىل

1) تَدَارَكَ نىڭ مجهول شەكلى، شەكىل ۋە ياسىلىش ئۇسۇ-لى جەھەتتە سَافَرَ نىڭ مجهول شەكلىگە ئوخشاش.

2) تَصَابىٰ، يَتَصَابىٰ تَفَاعَلَ يَتَفَاعَلُ غا باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسلىسى تَصَابَوَ يَتَصَابَوُ باراۋەر، «وَاوْ» كلمة نىڭ بىر تەرىپىدە كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدى ضمة سىز بولغانلىقى ئۈچۈن «وَاوْ» «ياء» قَلِب قىلىنىپ تَصَابَيَ يَتَصَابَيُ بولدى. بۇ ھالەت «ياء» نىڭ «الف» گە قلب قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىپ تَصَابىٰ يَتَصَابىٰ بولدى.

3) مصدر شەكلى تَصَابِيْ بۇنىڭ ئەسلى تَصَابُوْ مَاضِي ۋە مضارع غا ئوخشاش. «وَاوْ» «يَاء» غا قَلِب قىلىنىپ تَصَابُيْ بولدى. «ضمة» «ياء» غا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن «ياء» نىڭ ضمة سى تاشلاندى. «ياء» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «ياء» نىڭ ئالدىغا «كسرة» ھەرىكەت بېرىلدى، تَصَابِيْ بولدى.

4) تَدَاوِيْ، تَوَارِيْ ئەسلىدە تَدَاوُيْ، تَوَارُيْ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش «ياء» نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «ياء» نىڭ ئالدىغا كسرة

ھەرىكەت بىرىپ تَدَاوِيٌ، تَوَارِيٌ قىلغان.

مەزكۇر مشتق لەردىن شاخلىنىپ چىققان بارلىق مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىنى مۇناسىپ صحيح ۋەمعتل مشتق لەرنىڭ تۈرلىنىشىگە ۋە اعلال ئۆزگىرىشىگە قىياس قىلىڭ.

## 32- كۆنۈكمە

-1-

تۆۋەندىكى ھەربىر مشتق نىڭ صيغەسىنى ئېيتىپ بىرىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تَصَامَمْنَ | تَصَامَمْنَا | يَتَصَامُّونَ |
| لَمْ يَتَصَامَّ | لَايَتَصَامُّ | لَايَتَصَامَّ |
| تَصَامَّا | تَصَامَمُوا | مُتَصَامٌّ |
| مُتَوَارِثُونَ | مُتَوَارِثَاتٌ | لَايَتَوَارِثُونَ |
| لَمْ يَتَوَارَثُوا | لَمْ تَتَوَارَثَا | مُتَجَاوِبَةٌ |
| لَمْ يَتَجَاوَبُوا | لَايَتَجَاوَبَانِ | لَايَتَجَاوَبُوا |
| مُتَصَابٌّ | مُتَصَابٌّ | لَمْ يَتَصَابَّ |
| لَايَتَصَابُّ | تَصَابَّ | لَاتَتَصَابَّ |
| مُتَصَابٌّ | تَدَاوَيَا | تَدَاوَوْا |
| تَدَاوَيْنَ | تَدَاوَ | تَدَاوَيَا |
| تَدَاوَوْا | تَوَارَيَا | تَوَارَيْتَ |

-2-

1) «عَمَّ يَتَسَاءَلُونَ».

2) «وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَاتَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ».

3) «وَلَاتُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ».

4) يَتَنَاوَلُ الطُّلَّابُ الطَّعَامَ فِي مَطْعَمِ الْمَدْرَسَةِ.

5) «أُولٰئِكَ الَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَنَتَجَاوَزُ عَنْ سَيِّئَاتِهِمْ».

6) تَسَابَقَتْ فَاطِمَةُ مَعَ زَيْنَبَ فِي الْجَرْيِ فَسَبَقَتْ زَيْنَبُ فَاطِمَةَ.

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| تَعَاوَنَ يَتَعَاوَنُ تَعَاوُنٌ | هەمكارلاشماق | إِثْمٌ ج آثَامٌ | گۇناھ |
| تَجَادَلَ يَتَجَادَلُ تَجَادُلٌ | مۇنازىرىلەشمەك | تَنَاوَلَ يَتَنَاوَلُ تَنَاوُلٌ | يېمەك، قول ئۇزاتماق |
| تَجَاوَزَ يَتَجَاوَزُ تَجَاوُزٌ | ئۆتۈپ كەتمەك | تَسَابَقَ يَتَسَابَقُ تَسَابُقٌ | مۇسابىقىلەشمەك |

## 9. اِفْعِيْلَالٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ توققۇزىنچى بابى هَمْزَةَ وَصْلِيَة ۋە عين دىن كېيىن اَلِفْ ۋە بىر لاَمْ قوشۇلۇپ كەلگەن «اِفْعَالَّ يَفْعَالُّ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِفْعِيْلَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ مصدر شەكلى باشقا مَزِيد پېئىللارنىڭ مَصْدر شەكلىگە ئوخشاش قائىدىلىك هالدا مۇشۇ بىر خِىلَلا ۋەزىندە كېلىدۇ. بۇ باب مەنە ئىپادىلەش جەھەتتە يۇقىرىدىكى «اِفْعِلَالٌ» بابىغا تامامەن ئوخشاش، لېكىن مۇبالىغە قىلىشتا ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك.

### 1. بۇ بابنىڭ سالىم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِحْمَارَّ يَحْمَارُّ نىڭ مَصْدَر شەكلى اِحْمِيْرَارٌ كېلىدۇ. اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِحْمَارَّ | (ماضى) | مُحْمَارٌّ | (اسم فاعل) |
| يَحْمَارُّ | (مضارع) | مُحْمَارٌّ | (اسم مفعول) |
| اِحْمَارَّ | (امر) | مُحْمَارٌّ | (اسم زمان) |

لَمْ يَحْمَارَّ (جحد) مُحْمَارٌّ (اسم مكان)
لَا يَحْمَارُّ (نفى)
لَا تَحْمَارَّ (نهى)

## سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

## -1-

## مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| ضَمَائِرْ | مَاضِي | | مُضَارِعْ | | جَحَدْ | | نَفِي | نَهِي | اَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | اِحْمَارَّ<br>اِحْمَارَّا<br>اِحْمَارُّوا | اُحْمُرَّ<br>اُحْمُرَّا<br>اُحْمُرُّوا | يَحْمَارُّ<br>يَحْمَارَّانِ<br>يَحْمَارُّونَ | يُحْمَارُّ<br>يُحْمَارَّانِ<br>يُحْمَارُّونَ | لَمْ يَحْمَارَّ<br>لَمْ يَحْمَارَّا<br>لَمْ يَحْمَارُّوا | لَمْ يُحْمَارَّ<br>لَمْ يُحْمَارَّا<br>لَمْ يُحْمَارُّوا | لَا يَحْمَارُّ<br>لَا يَحْمَارَّانِ<br>لَا يَحْمَارُّونَ | لَا يَحْمَارَّ<br>لَا يَحْمَارَّا<br>لَا يَحْمَارُّوا | |
| هي<br>هما<br>هن | اِحْمَارَّتْ<br>اِحْمَارَّتَا<br>اِحْمَارَرْنَ | اُحْمُرَّتْ<br>اُحْمُرَّتَا<br>اُحْمُرِرْنَ | تَحْمَارُّ<br>تَحْمَارَّانِ<br>يَحْمَارِرْنَ | تُحْمَارُّ<br>تُحْمَارَّانِ<br>يُحْمَارَرْنَ | لَمْ تَحْمَارَّ<br>لَمْ تَحْمَارَّا<br>لَمْ يَحْمَارِرْنَ | لَمْ تُحْمَارَّ<br>لَمْ تُحْمَارَّا<br>لَمْ يُحْمَارَرْنَ | لَا تَحْمَارُّ<br>لَا تَحْمَارَّانِ<br>لَا يَحْمَارِرْنَ | لَا تَحْمَارَّ<br>لَا تَحْمَارَّا<br>لَا يَحْمَارِرْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | اِحْمَارَرْتَ<br>اِحْمَارَرْتُمَا<br>اِحْمَارَرْتُمْ | اُحْمُرِرْتَ<br>اُحْمُرِرْتُمَا<br>اُحْمُرِرْتُمْ | تَحْمَارُّ<br>تَحْمَارَّانِ<br>تَحْمَارُّونَ | تُحْمَارُّ<br>تُحْمَارَّانِ<br>تُحْمَارُّونَ | لَمْ تَحْمَارَّ<br>لَمْ تَحْمَارَّا<br>لَمْ تَحْمَارُّوا | لَمْ تُحْمَارَّ<br>لَمْ تُحْمَارَّا<br>لَمْ تُحْمَارُّوا | لَا تَحْمَارُّ<br>لَا تَحْمَارَّانِ<br>لَا تَحْمَارُّونَ | لَا تَحْمَارَّ<br>لَا تَحْمَارَّا<br>لَا تَحْمَارُّوا | اِحْمَارَّ<br>اِحْمَارَّا<br>اِحْمَارُّوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | اِحْمَارَرْتِ<br>اِحْمَارَرْتُمَا<br>اِحْمَارَرْتُنَّ | اُحْمُرِرْتِ<br>اُحْمُرِرْتُمَا<br>اُحْمُرِرْتُنَّ | تَحْمَارِّينَ<br>تَحْمَارَّانِ<br>تَحْمَارِرْنَ | تُحْمَارِّينَ<br>تُحْمَارَّانِ<br>تُحْمَارَرْنَ | لَمْ تَحْمَارِّي<br>لَمْ تَحْمَارَّا<br>لَمْ تَحْمَارِرْنَ | لَمْ تُحْمَارِّي<br>لَمْ تُحْمَارَّا<br>لَمْ تُحْمَارَرْنَ | لَا تَحْمَارِّينَ<br>لَا تَحْمَارَّانِ<br>لَا تَحْمَارِرْنَ | لَا تَحْمَارِّي<br>لَا تَحْمَارَّا<br>لَا تَحْمَارِرْنَ | اِحْمَارِّي<br>اِحْمَارَّا<br>اِحْمَارِرْنَ |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| انا<br>نحن | اِحْمَارَرْتُ<br>اِحْمَارَرْنَا | اَحْمَرَرْتُ<br>اَحْمَرَرْنَا | اَحْمَارُّ<br>نَحْمَارُّ | اُحْمَارُّ<br>نُحْمَارُّ | لَمْ اَحْمَارَّ<br>لَمْ نَحْمَارَّ | لَمْ اُحْمَارَّ<br>لَمْ نُحْمَارَّ | لَا اَحْمَارُّ<br>لَا نَحْمَارُّ | لَا اُحْمَارُّ<br>لَا نُحْمَارُّ | |

## -2-
## مشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| اسماء المشتقة / عدد و نوع | اسم فاعل | اسم مفعول | اسم زمان | اسم مكان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدُ مُذكرٍ | مُحْمَارٌّ | مُحْمَارٌّ | مُحْمَارٌّ | مُحْمَارٌّ |
| مثنيَ مَذكرٍ | مُحْمَارّانِ | مُحْمَارّانِ | مُحْمَارّانِ | مُحْمَا رّانِ |
| جَمْعُ مُذكرٍ | مُحْمَارّونَ | مُحْمَارّونَ | مُحْمَارّونَ | مُحْمَارّونَ |
| واحدة مؤنثٍ | مُحْمَارّةٌ | مُحْمَارّةٌ | | |
| مثنيِ مؤنث | مُحْمَارّتانِ | مُحْمَارّتانِ | | |
| جمعُ مؤنث | مُحْمَارّاتٌ | مُحْمَارّاتٌ | | |

2. بۇ بابنىڭ «اَجْوَفْ وَاوِى» پېئىلى اِسْوَادَّ، يَسْوَادُّ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِسْوِيْدادٌ (بەك قارايماق).

3. بۇ بابنىڭ «اَجْوَفْ يَائِى» پېئىلى اِبْيَاضَّ يَبْيَاضُّ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِبيضَاضٌ (بەك ئاقايماق).

بۇ بابتا باشْقا اقسام دىكى پېئىللار ئاساسەن كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ بارلىق تۈرلىنىشلىرىنى اِحْمَارَّ يَحْمَارُّ نىڭ مُشْتَقّات لىرىنىڭ تۈرلىنىشگە قىياس قىلىڭ.

# 33-كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەربىر مُشْتَقْ نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

اِسْوَادُّوا اِسْوَادَدْنَ مُسْوَادٌّ
اِسْوَادَدْنَا اِسْوَادَدْنِ
مُسْوَادَّةٌ مُسْوَادَّاتٌ اِبْيَاضًّا
لَاتَبْيَاضَّ مُبْيَاضَّةٌ يَصْفَارُّ تَصْفَارَّانِ

## 10. اِسْتِفْعَالٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ ئونىنچى بابى هَمْزَة وَصْلِيَة، سِين ۋە تَاءْ قوشۇلۇپ كەلگەن «اِسْتَفْعَلَ يَسْتَفْعِلُ» بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِسْتِفْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ مصدر شەكلى قائىدىلىك هالدا مۇشۇ بىر خىللا ۋەزىندە كېلىدۇ.

بۇ باب تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

(1) ئەسلى پېئىلنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْتَغْفَرْتُ اللّٰهَ.

ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم.

(2) ئۆزگىرىپ قېلىشنى، بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْتَحْجَرَالطِّيْنُ، وَاسْتَحْصَنَ الْمُهْرُ.

لاي تاشقا ئايلاندى. تاي ئايغىر بولۇپ قالدى.

(3) بىر شەيئىنى مەلۇم بىر سۈپەتتە دەپ قاراش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْتَحْسَنْتُهُ كَذَا اَوْاِسْتَصْوَبْتُهُ.

ئۇنى مۇنداق ياخشى ۋە توغرا دەپ قارىدىم.

(4) مەلۇم بىر شەيئىنى قىسقارتىپ بايان قىلىشنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْتَرْجَعَ مَحْمُوْد.

مەھمۇد «اِنَا لِلّٰهِ وَاِنَّااِلَيْهِ رَاجِعُوْن» دېدى.

(5) ئەسلى پېئىلنىڭ كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

اِسْتَكْبَرَ زَيْدٌ.

زەيدنىڭ تەكەببۇرلۇقى كۆچىيىپ كەتتى.

(6) «فَعَلَ، اَفْعَلَ» ۋەزنىدىكى مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

اِسْتَقَرَّالْاَمْرُ، اِسْتَجَابَ لِنِدَائِهِ.

ئىش قارار تاپتى. چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى.

## 1. بۇ بابنىڭ «سَالِم» پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِسْتَخْرَجَ، يَسْتَخْرِجُ نىڭ مصدر شەكلى اِسْتِخْرَاجُ كېلىدۇ. اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار- نىڭ مَصْدر شەكلىدىن بارلىق مشتق لىرى تۈۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِسْتَخْرَجَ | (ماضى) | مُسْتَخْرِجٌ | (اسم فاعل) |
| يَسْتَخْرِجُ | (مضارع) | مُسْتَخْرَجٌ | (اسم مفعول) |
| اِسْتَخْرِجْ | (امر) | مُسْتَخْرَجٌ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَسْتَخْرِجْ | (جحد) | مُسْتَخْرَجٌ | (اسم مكان) |
| لَا يَسْتَخْرِجُ | (نفى) | | |
| لَا تَسْتَخْرِجْ | (نهى) | | |

## سَالِم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

### -1-

### مُشْتَق پېئىللار ۋەتۈرلىنىشى

| ضمائر | ماضى | | مضارع | | جحد | | نفي | نهي | امر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | معلوم | مجهول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | اِستخرَجَ<br>اِستخرَجا<br>اِستخرَجوا | اُستُخرِجَ<br>اُستُخرِجا<br>اُستُخرِجوا | يَستخرِجُ<br>يَستخرِجانِ<br>يَستخرِجونَ | يُستخرَجُ<br>يُستخرَجانِ<br>يُستخرَجونَ | لم يَستخرِجْ<br>لم يَستخرِجا<br>لم يَستخرِجوا | لم يُستخرَجْ<br>لم يُستخرَجا<br>لم يُستخرَجوا | لايَستخرِجُ<br>لايَستخرِجانِ<br>لايَستخرِجونَ | لايَستخرِجْ<br>لايَستخرِجا<br>لايَستخرِجوا | |
| هي<br>هما<br>هن | اِستخرَجَتْ<br>اِستخرَجَتا<br>اِستخرَجْنَ | اُستُخرِجَتْ<br>اُستُخرِجَتا<br>اُستُخرِجْنَ | تَستخرِجُ<br>تَستخرِجانِ<br>يَستخرِجْنَ | تُستخرَجُ<br>تُستخرَجانِ<br>يُستخرَجْنَ | لم تَستخرِجْ<br>لم تَستخرِجا<br>لم يَستخرِجْنَ | لم تُستخرَجْ<br>لم تُستخرَجا<br>لم يُستخرَجْنَ | لاتَستخرِجُ<br>لاتَستخرِجانِ<br>لايَستخرِجْنَ | لاتَستخرِجْ<br>لاتَستخرِجا<br>لايَستخرِجْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | اِستخرَجْتَ<br>اِستخرَجْتُما<br>اِستخرَجْتُم | اُستُخرِجْتَ<br>اُستُخرِجْتُما<br>اُستُخرِجْتُم | تَستخرِجُ<br>تَستخرِجانِ<br>تَستخرِجونَ | تُستخرَجُ<br>تُستخرَجانِ<br>تُستخرَجونَ | لم تَستخرِجْ<br>لم تَستخرِجا<br>لم تَستخرِجوا | لم تُستخرَجْ<br>لم تُستخرَجا<br>لم تُستخرَجوا | لاتَستخرِجُ<br>لاتَستخرِجانِ<br>لاتَستخرِجونَ | لاتَستخرِجْ<br>لاتَستخرِجا<br>لاتَستخرِجوا | اِستخرِجْ<br>اِستخرِجا<br>اِستخرِجوا |
| انت<br>انتما<br>انتن | اِستخرَجْتِ<br>اِستخرَجْتُما<br>اِستخرَجْتُنَّ | اُستُخرِجْتِ<br>اُستُخرِجْتُما<br>اُستُخرِجْتُنَّ | تَستخرِجينَ<br>تَستخرِجانِ<br>تَستخرِجْنَ | تُستخرَجينَ<br>تُستخرَجانِ<br>تُستخرَجْنَ | لم تَستخرِجي<br>لم تَستخرِجا<br>لم تَستخرِجْنَ | لم تُستخرَجي<br>لم تُستخرَجا<br>لم تُستخرَجْنَ | لاتَستخرِجينَ<br>لاتَستخرِجانِ<br>لاتَستخرِجْنَ | لاتَستخرِجي<br>لاتَستخرِجا<br>لاتَستخرِجْنَ | اِستخرِجي<br>اِستخرِجا<br>اِستخرِجْنَ |
| انا<br>نحن | اِستخرَجْتُ<br>اِستخرَجْنا | اُستُخرِجْتُ<br>اُستُخرِجْنا | أَستخرِجُ<br>نَستخرِجُ | أُستخرَجُ<br>نُستخرَجُ | لم أَستخرِجْ<br>لم نَستخرِجْ | لم أُستخرَجْ<br>لم نُستخرَجْ | لاأَستخرِجُ<br>لانَستخرِجُ | لاأَستخرِجْ<br>لانَستخرِجْ | |

-2-

## مۇشتەق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| اسماء المشتقة / عددونوع | اِسْم فاعل | اِسْم مَفْعُول | اِسْم زَمان | اِسْم مَكان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدمُذَكَّرٍ | مُسْتَخْرِجٌ | مُسْتَخْرَجٌ | مُسْتَخْرَجٌ | مُسْتَخْرَجٌ |
| مُثَنَّي مُذَكَّرٍ | مُسْتَخْرِجَانِ | مُسْتَخْرَجَانِ | مُسْتَخْرَجَانِ | مُسْتَخْرَجَانِ |
| جَمْعَ مُذَكَّرٍ | مُسْتَخْرِجُونَ | مُسْتَخْرَجُونَ | مُسْتَخْرَجُونَ | مُسْتَخْرَجُونَ |
| وَاحِدَةُ مُؤَنَّثٍ | مُسْتَخْرِجَةٌ | مُسْتَخْرَجَةٌ | | |
| مُثَنَّي مُؤَنَّثٍ | مُسْتَخْرِجَتَانِ | مُسْتَخْرَجَتَانِ | | |
| جَمْعَ مُؤَنَّثٍ | مُسْتَخْرِجَاتٌ | مُسْتَخْرَجَاتٌ | | |

## «تاء» نىڭ حَذِف قىلىنىشى

بۇ بابنىڭ «فاء» سى باراۋىردە «طَاء» كەلسە«تاء» نى حذف قىلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن:

فَمَا اسْطَاعُوا، لَمْ تَسْطِعْ عَلَيْهِ صَبْرًا. ئۇنىڭ ئەسلىسى فَمَااسْتَطَاعُوا، لَمْ تَسْتَطِعْ عَلَيْهِ صَبْرًا.

2. بۇ بابنىڭ «مُضَاعَفْ» پېئىلى اِسْتَحَبَّ يَسْتَحِبُّ كېلىدۇ. مصدر شەكلى استحباب(ياخشى كۆرمەك).

3. بۇ بابنىڭ «مِثَال وَاوِى» پېئىلى اِسْتَوْجَبَ يَسْتَوْجِبُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِسْتِجَابَةْ نىڭ ۋەزنى «اِسْتِفَالَةْ» پېئىلىنىڭ «عين» ى حذف قىلىنىپ، حذف نىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئاخىرىغا «ة» ئۇلانغان.

4. بۇ بابنىڭ «اَجْوَفْ يَائِى» پېئىلى اِسْتَبَاعَ، يَسْتَبِيعُ كېلىدۇ. مصدر شەكلى اِسْتِبَاعَةْ(سېتىشنى تەلەپ قىلماق).

5. بۇ بابنىڭ «نَاقِص» پېئىلى اِسْتَهْدَى يَسْتَهْدِى كېلىدۇ.

مَصْدَر شەكلى اِسْتِهْدَاءٌ (ھىدايەت تەلەپ قىلماق) .

6. بۇ بابنىڭ «لَفِيف وَاوِي» پېئىلى اِسْتَهْوَى، يَسْتَهْوِى كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى اِسْتِهْوَاءٌ ( ھەۋەسگە ئەگەشمەك) .

7. بۇ بابنىڭ «لَفِيْف يائى» پېئىلى اِسْتَحْيَ، يَسْتَحْيِي كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى اِسْتِحْيَاءٌ (ئۇيالماق) .

8. بۇ بابنىڭ «مُلْتَوِي» پېئىلى اِسْتَوْفَى، يَسْتَوْفِي كېلىدۇ. مَصْدَر شەكلى اِسْتِيْفَاءٌ (ھەققىنى تولۇق ئالماق) .

## 34- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

-1-

| | | | |
|---|---|---|---|
| أُسْتُحِبَّا | اِسْتَحْبَبْنَ | اِسْتَحْبَبْتُمْ | يَسْتَحِبُّونَ |
| تَسْتَحِبُّ | تَسْتَحِبِّيْنَ | تَسْتَحْبِبْنَ | أَسْتَحِبُّ |
| نَسْتَحِبُّ | لَايَسْتَحِبُّونَ | لَايَسْتَحِبُّوا | لَاتَسْتَحِبُّوا |
| أُسْتُوجِبَا | أُسْتُوجِبْتَا | أُسْتُوجِبْتُمَا | أُسْتُوجِبْتِ |
| اِسْتَوْجَبْتُنَّ | يَسْتَوْجِبَانِ | تَسْتَوْجِبَانِ | تَسْتَيْسِرُونَ |
| تَسْتَيْسِرِيْنَ | تَسْتَيْسِرَانِ | تَسْتَيْسِرْنَ | مُسْتَحَبٌّ |
| مُسْتَحِبَّاتٌ | مُسْتَيْسَرٌ | مُسْتَجَابٌ | مُسْتَجِيْبُونَ |
| اِسْتَبَاعُوا | يَسْتَبِيْعُونَ | تَسْتَبِيْعَانِ | مُسْتَهْدِي |
| اِسْتَهْوَيَا | اِسْتَهْوَوْا | لَايَسْتَحِي | |

—2—

1- «فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِى بَايَعْتُمْ بِهِ»

2- «فَصَدَّهُمْ عَنِ السَّبِيْلِ وَكَانُوا مُسْتَبْصِرِيْنَ»

3- «قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُ اَلَاتَسْتَمِعُونَ»

4- «وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيْدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ»

5- صَرَخَ الرَّجُلُ وَهُوَ يَسْتَغِيْثُ حِيْنَ وَقَعَ الْحَرِيْقُ فِى مَنْزِلِه.

6- لَيْسَ أَخِي مُسْتَقِرًّا فِي عَمَلِهِ الْجَدِيْدِ اِنَّهُ يَبْحَثُ عَنْ عَمَلٍ آخَرَ.

7- اِسْتَيْقَظْتُ فِي مُنْتَصَفِ اللَّيْلِ عَلَى بُكَاءِ الطِّفْلِ الصَّغِيْرِ.

8 ـ «اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ»

## يەككە سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِسْتَعَانَ يَسْتَعِيْنُ اِسْتِعَانَةً | ياردەم تەلەپ قىلىش | اِسْتَبْشَرَ يَسْتَبْشِرُ اِسْتِبْشَارٌ | بېشارەت تاپماق |
| صَدَّ يَصُدُّ صَدًّا | توسماق | حَوْلَ | ئەتراپى |
| صَرَخَ يَصْرَخُ صُرَاخٌ | ۋارقىراش، جارقىراش | اِسْتَغَاثَ يَسْتَغِيْثُ اِسْتِغَاثَةٌ | قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىش |
| اِسْتَيْقَظَ يَسْتَيْقِظُ اِسْتِيْقَاظًا | ئويغىنىش | اِيَّاكَ | ساڭىلا |
| عَبَدَ يَعْبُدُ عِبَادَةً | ئىبادەت قىلىش | | |

## 11. اِفْعِوْعَالٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ ئون بىرىنچى بابى ئەسلى مُجَرَّد پېئىلغا «هَمْزَة، عَيْن، وَاوْ» قوشۇلۇپ زىيادىلىقنى ئىپادىلەپ كەلگەن «اِفْعَوْعَلَ يَفْعَوْعِلُ» بابتۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِفْعِوْعَالٌ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ مصدر شەكلى «اِفْعِيْعَالٌ» كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە «اِفْعِوْعَالٌ» ئىدى.

بۇ باب مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە بۇ بابتىكى مُشْتَقْ لەر نىسبەتەن كەم ئۇچرايدۇ.

### 1. بۇ بابنىڭ سَالِم پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِخْدَوْدَبَ، يَخْدَوْدِبُ نىڭ مَصْدَر شەكلى اِخْدِيْدَابُ كېلىدۇ.

اَقْسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار-نىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۈرلىنىدۇ.

اِحْدَوْدَبَ (ماضي) — مُحْدَوْدِبٌ (اسم فاعل)
يَحْدَوْدِبُ (مضارع) — مُحْدَوْدَبٌ (اسم مفعول)
اِحْدَوْدِبْ (امر) — مُحْدَوْدَبٌ (اسم زمان)
لَمْ يَحْدَوْدِبْ (جحد) — مُحْدَوْدَبٌ (اسم زمان)
لَا يَحْدَوْدِبُ (نفي)
لَا تَحْدَوْدِبْ (نهي)

سَالِم نىڭ تۇرلىنىش ئۈلگىسى

## -1-

## مُشْتَق پېئىللار ۋەتۇرلىنىشى

| ضمائر | مَاضِي | | مُضَارِعُ | | جَحَد | | نَفِي | نَهِي | آمر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هو<br>هما<br>هم | اِحْدَوْدَبَ<br>اِحْدَوْدَبَا<br>اِحْدَوْدَبُوا | اُحْدُودِبَ<br>اُحْدُودِبَا<br>اُحْدُودِبُوا | يَحْدَوْدِبُ<br>يَحْدَوْدِبَانِ<br>يَحْدَوْدِبُونَ | يُحْدَوْدَبُ<br>يُحْدَوْدَبَانِ<br>يُحْدَوْدَبُونَ | لَمْ يَحْدَوْدِبْ<br>لَمْ يَحْدَوْدِبَا<br>لَمْ يَحْدَوْدِبُوا | لَمْ يُحْدَوْدَبْ<br>لَمْ يُحْدَوْدَبَا<br>لَمْ يُحْدَوْدَبُوا | لَا يَحْدَوْدِبُ<br>لَا يَحْدَوْدِبَانِ<br>لَا يَحْدَوْدِبُونَ | لَا يَحْدَوْدِبْ<br>لَا يَحْدَوْدِبَا<br>لَا يَحْدَوْدِبُوا | |
| هي<br>هما<br>هن | اِحْدَوْدَبَتْ<br>اِحْدَوْدَبَتَا<br>اِحْدَوْدَبْنَ | اُحْدُودِبَتْ<br>اُحْدُودِبَتَا<br>اُحْدُودِبْنَ | تَحْدَوْدِبُ<br>تَحْدَوْدِبَانِ<br>يَحْدَوْدِبْنَ | تُحْدَوْدَبُ<br>تُحْدَوْدَبَانِ<br>يُحْدَوْدَبْنَ | لَمْ تَحْدَوْدِبْ<br>لَمْ تَحْدَوْدِبَا<br>لَمْ يَحْدَوْدِبْنَ | لَمْ تُحْدَوْدَبْ<br>لَمْ تُحْدَوْدَبَا<br>لَمْ يُحْدَوْدَبْنَ | لَا تَحْدَوْدِبُ<br>لَا تَحْدَوْدِبَانِ<br>لَا يَحْدَوْدِبْنَ | لَا تَحْدَوْدِبْ<br>لَا تَحْدَوْدِبَا<br>لَا يَحْدَوْدِبْنَ | |
| انت<br>انتما<br>انتم | اِحْدَوْدَبْتَ<br>اِحْدَوْدَبْتُمَا<br>اِحْدَوْدَبْتُمْ | اُحْدُودِبْتَ<br>اُحْدُودِبْتُمَا<br>اُحْدُودِبْتُمْ | تَحْدَوْدِبُ<br>تَحْدَوْدِبَانِ<br>تَحْدَوْدِبُونَ | تُحْدَوْدَبُ<br>تُحْدَوْدَبَانِ<br>تُحْدَوْدَبُونَ | لَمْ تَحْدَوْدِبْ<br>لَمْ تَحْدَوْدِبَا<br>لَمْ تَحْدَوْدِبُوا | لَمْ تُحْدَوْدَبْ<br>لَمْ تُحْدَوْدَبَا<br>لَمْ تُحْدَوْدَبُوا | لَا تَحْدَوْدِبُ<br>لَا تَحْدَوْدِبَانِ<br>لَا تَحْدَوْدِبُونَ | لَا تَحْدَوْدِبْ<br>لَا تَحْدَوْدِبَا<br>لَا تَحْدَوْدِبُوا | اِحْدَوْدِبْ<br>اِحْدَوْدِبَا<br>اِحْدَوْدِبُوا |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| انت<br>انتما<br>انتن | اِحْدَوْدَبْتِ<br>اِحْدَوْدَبْتُمَا<br>اِحْدَوْدَبْتُنَّ | اُحْدُودِبْتِ<br>اُحْدُودِبْتُمَا<br>اُحْدُودِبْتُنَّ | تَحْدَوْدِبِيْنَ<br>تَحْدَوْدِبَانِ<br>تَحْدَوْدِبْنَ | تُحْدَوْدَبِيْنَ<br>تُحْدَوْدَبَانِ<br>تُحْدَوْدَبْنَ | لَمْ تَحْدَوْدِبِيْ<br>لَمْ تَحْدَوْدِبَا<br>لَمْ تَحْدَوْدِبْنَ | لَمْ تُحْدَوْدَبِيْ<br>لَمْ تُحْدَوْدَبَا<br>لَمْ تُحْدَوْدَبْنَ | لَا تَحْدَوْدِبِيْنَ<br>لَا تَحْدَوْدِبَانِ<br>لَا تَحْدَوْدِبْنَ | لَا تَحْدَوْدِبِيْ<br>لَا تَحْدَوْدِبَا<br>لَا تَحْدَوْدِبْنَ | اِحْدَوْدِبِيْ<br>اِحْدَوْدِبَا<br>اِحْدَوْدِبْنَ |
| انا<br>نحن | اِحْدَوْدَبْتُ<br>اِحْدَوْدَبْنَا | اُحْدُودِبْتُ<br>اُحْدُودِبْنَا | أَحْدَوْدِبُ<br>نَحْدَوْدِبُ | أُحْدَوْدَبُ<br>نُحْدَوْدَبُ | لَمْ أَحْدَوْدِبْ<br>لَمْ نَحْدَوْدِبْ | لَمْ أُحْدَوْدَبْ<br>لَمْ نُحْدَوْدَبْ | لَا أَحْدَوْدِبُ<br>لَا نَحْدَوْدِبُ | لَا أَحْدَوْدِبْ<br>لَا نَحْدَوْدِبْ | |

-2-

## مُشتق ئىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| اسماء مشتقة / عددونوع | اِسْمُ فَاعِل | اِسْمُ مَفْعُول | اِسْمُ زَمَان | اِسْمُ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| وَاحِدْ مُذَكَّرْ | مُحْدَوْدِبٌ | مُحْدَوْدَبٌ | مُحْدَوْدَبٌ | مُحْدَوْدَبٌ |
| مُثَنَّى مُذَكَّرْ | مُحْدَوْدِبَانِ | مُحْدَوْدَبَانِ | مُحْدَوْدَبَانِ | مُحْدَوْدَبَانِ |
| جَمْعْ مُذَكَّرْ | مُحْدَوْدِبُونَ | مُحْدَوْدَبُونَ | مُحْدَبُونَ | مُحْدَوْدَبُونَ |
| وَاحِدَةْ مُؤَنَّثْ | مُحْدَوْدِبَةٌ | مُحْدَوْدَبَةٌ | | |
| مُثَنَّى مُؤَنَّثْ | مُحْدَوْدِبَتَانِ | مُحْدَوْدَبَتَانِ | | |
| جَمْعْ مُؤَنَّثْ | مُحْدَوْدِبَاتٌ | مُحْدَوْدَبَاتٌ | | |

### 2. بۇ بابنىڭ ناقِصْ پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِعْرَوْرَى، يَعْرَوْرِي نىڭ مَصْدر شەكلى اِعْرِيْرَاءٌ كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە اِعْرِوْرَايٌ دۇر. بۇ بابتا ناقص دىن باشقىسى كەلمەيدۇ.

اقسام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللار. نىڭ مَصْدر شەكلىدىن بارلىق مُشْتَق لىرى تۆۋەندىكى مُشْتَق لەرنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزنىدە تۇرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِغْرَوْرٰى | (ماضى) | مُغْرَوْرِ | (اسم فاعل) |
| يَغْرَوْرِى | (مضارع) | مُغْرَوْرٰى | (اسم مفعول) |
| اِغْرَوْرِ | (امر) | مُغْرَوْرٰى | (اسم زمان) |
| لَمْ يَغْرَوْرِ | (جحد) | مُغْرَوْرٰى | (اسم مكان) |
| لَايَغْرَوْرِى | (نفى) | | |
| لَاتَغْرَوْرِ | (نهى) | | |

بۇلارنىڭ تۇرلىنىشى ۋە اِعْلَال قىلىنىشلىرىنى يۇقىرىدا ئۆتكەن مۇناسىپ مُشْتَق لەرنىڭ تۇرلىنىشى ۋە اِعْلَال قىلىنىشىغا قىياس قىلىڭ.

## 35- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەربىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ئۇلارنى ئارتۇق ھەرپلەردىن خالي قىلىڭ.

لَمْ يَغْرَوْرِيَا    اِغْرَوْرَيْنَا    اِغْرَوْرَيْتُمْ
اِغْرَوْرَيْتَ .    نَغْرَوْرِى    تَغْرَوْرِيْنَ
اِغْدَوْدَنَ الشَّعْرُ .    فِي فَصْلِ الصَّيْفِ يَغْشَوْشِبُ الْجِبَالُ

## 12. اِفْعِوَّالٌ بابى

اَلْمَزِيْدُالثُّلَاثِي نىڭ ئون ئىككىنچى بابى ئەسلى مجرد پېئىلىغا «همزة» ۋە ئىككى «واو» قوشۇلۇپ كەلگەن «اِفْعَوَّلَ يَفْعَوِّلُ»

بابىدۇر. بۇ باب ئادەتتە «اِفْعِوّالْ» بابى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بابمۇ يۇقىرىقى بابقا ئوخشاش ئەسلى مەنەنى كۈچەيتىپ مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

چۈنكى ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىدە زِيَادَةُ الْحُرُوفِ تُفِيْدُ زِيَادَةَ الْمَعْنىٰ يەنى ھەرپلىرىنىڭ ئارتۇق بولۇشى مەنىسىنىڭ ئارتۇق بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن بىر قائىدە بار.

بۇ بابتا صَحِيح دىن باشقىسى ئاساسەن كەلمەيدۇ.

### 1. بۇ بابنىڭ سَالِمْ پېئىلى ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى

اِجْلَوَّزَ يَجْلَوِّزُ نىڭ مصدر شەكلى اِجْلِوَّازُ كېلىدۇ.

اَقْسَام ۋە ۋەزىن جەھەتتە بۇ شەكىلدىكىگە ئوخشاش پېئىللارنىڭ مَصْدَر شەكلىدىن بارلىق مُشْتَقْ لىرى تۈۋەندىكى مشتق لەرنىڭ ۋەزىنگە ئوخشاش ۋەزىن بىلەن شاخلىنىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەنمىلىرىنىڭ ۋەزىندە تۈرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِجْلَوَّزَ | (ماضى) | مُجْلَوِّزُ | (اسم فاعل) |
| يَجْلَوِّزُ | (مضارع) | مُجْلَوَّزُ | (اسم مفعول) |
| اِجْلَوِّزْ | (امر) | مُجْلَوَّزُ | (اسم زمان) |
| لَمْ يَجْلَوِّزْ | (جحد) | مُجْلَوَّزُ | (اسم مكان) |
| لَايَجْلَوِّزُ | (نفى) | | |
| لَاتَجْلَوِّزْ | (نهى) | | |

### سالم نىڭ تۈرلىنىش ئۈلگىسى

-1-

## مشتق پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى

| ضَمائِرُ | مَاضِي | | مُضَارِعُ | | جَحْدْ | | نَفِي | نَهِي | أَمْر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | مَعْلُوم | مَجْهُول | | | |
| هُوَ<br>هُمَا<br>هُمْ | اِجْلَوَّزَ<br>اِجْلَوَّزَا<br>اِجْلَوَّزُوا | اُجْلُوِّزَ<br>اُجْلُوِّزَا<br>اُجْلُوِّزُوا | يَجْلَوِّزُ<br>يَجْلَوِّزَانِ<br>يَجْلَوِّزُونَ | يُجْلَوَّزُ<br>يُجْلَوَّزَانِ<br>يُجْلَوَّزُونَ | لَمْ يَجْلَوِّزْ<br>لَمْ يَجْلَوِّزَا<br>لَمْ يَجْلَوِّزُوا | لَمْ يُجْلَوَّزْ<br>لَمْ يُجْلَوَّزَا<br>لَمْ يُجْلَوَّزُوا | لَا يَجْلَوِّزُ<br>لَا يَجْلَوِّزَانِ<br>لَا يَجْلَوِّزُونَ | لَا يَجْلَوِّزْ<br>لَا يَجْلَوِّزَا<br>لَا يَجْلَوِّزُوا | |
| هِيَ<br>هُمَا<br>هُنَّ | اِجْلَوَّزَتْ<br>اِجْلَوَّزَتَا<br>اِجْلَوَّزْنَ | اُجْلُوِّزَتْ<br>اُجْلُوِّزَتَا<br>اُجْلُوِّزْنَ | تَجْلَوِّزُ<br>تَجْلَوِّزَانِ<br>يَجْلَوِّزْنَ | تُجْلَوَّزُ<br>تُجْلَوَّزَانِ<br>يُجْلَوَّزْنَ | لَمْ تَجْلَوِّزْ<br>لَمْ تَجْلَوِّزَا<br>لَمْ يَجْلَوِّزْنَ | لَمْ تُجْلَوَّزْ<br>لَمْ تُجْلَوَّزَا<br>لَمْ يُجْلَوَّزْنَ | لَا تَجْلَوِّزُ<br>لَا تَجْلَوِّزَانِ<br>لَا يَجْلَوِّزْنَ | لَا تَجْلَوِّزْ<br>لَا تَجْلَوِّزَا<br>لَا يَجْلَوِّزْنَ | |
| أَنْتَ<br>أَنْتُمَا<br>أَنْتُمْ | اِجْلَوَّزْتَ<br>اِجْلَوَّزْتُمَا<br>اِجْلَوَّزْتُمْ | اُجْلُوِّزْتَ<br>اُجْلُوِّزْتُمَا<br>اُجْلُوِّزْتُمْ | تَجْلَوِّزُ<br>تَجْلَوِّزَانِ<br>تَجْلَوِّزُونَ | تُجْلَوَّزُ<br>تُجْلَوَّزَانِ<br>تُجْلَوَّزُونَ | لَمْ تَجْلَوِّزْ<br>لَمْ تَجْلَوِّزَا<br>لَمْ تَجْلَوِّزُوا | لَمْ تُجْلَوَّزْ<br>لَمْ تُجْلَوَّزَا<br>لَمْ تُجْلَوَّزُوا | لَا تَجْلَوِّزُ<br>لَا تَجْلَوِّزَانِ<br>لَا تَجْلَوِّزُونَ | لَا تَجْلَوِّزْ<br>لَا تَجْلَوِّزَا<br>لَا تَجْلَوِّزُوا | اِجْلَوِّزْ<br>اِجْلَوِّزَا<br>اِجْلَوِّزُوا |
| أَنْتِ<br>أَنْتُمَا<br>أَنْتُنَّ | اِجْلَوَّزْتِ<br>اِجْلَوَّزْتُمَا<br>اِجْلَوَّزْتُنَّ | اُجْلُوِّزْتِ<br>اُجْلُوِّزْتُمَا<br>اُجْلُوِّزْتُنَّ | تَجْلَوِّزِينَ<br>تَجْلَوِّزَانِ<br>تَجْلَوِّزْنَ | تُجْلَوَّزِينَ<br>تُجْلَوَّزَانِ<br>تُجْلَوَّزْنَ | لَمْ تَجْلَوِّزِي<br>لَمْ تَجْلَوِّزَا<br>لَمْ تَجْلَوِّزْنَ | لَمْ تُجْلَوَّزِي<br>لَمْ تُجْلَوَّزَا<br>لَمْ تُجْلَوَّزْنَ | لَا تَجْلَوِّزِينَ<br>لَا تَجْلَوِّزَانِ<br>لَا تَجْلَوِّزْنَ | لَا تَجْلَوِّزِي<br>لَا تَجْلَوِّزَا<br>لَا تَجْلَوِّزْنَ | اِجْلَوِّزِي<br>اِجْلَوِّزَا<br>اِجْلَوِّزْنَ |
| أَنَا<br>نَحْنُ | اِجْلَوَّزْتُ<br>اِجْلَوَّزْنَا | اُجْلُوِّزْتُ<br>اُجْلُوِّزْنَا | أَجْلَوِّزُ<br>نَجْلَوِّزُ | أُجْلَوَّزُ<br>نُجْلَوَّزُ | لَمْ أَجْلَوِّزْ<br>لَمْ نَجْلَوِّزْ | لَمْ أُجْلَوَّزْ<br>لَمْ نُجْلَوَّزْ | لَا أَجْلَوِّزُ<br>لَا نَجْلَوِّزُ | لَا أَجْلَوِّزْ<br>لَا نَجْلَوِّزْ | |

-2-

مشتق ئىسىملار ۋە تۈرلىنىشى

| اسماء مشتقة / عددونوع | اسم فاعل | اسم مفعول | اِسْمُ زَمَان | اِسْمُ مَكَان |
|---|---|---|---|---|
| واحد مذكر | مُجْلَوِّزٌ | مُجْلَوَّزٌ | مُجْلَوَّزٌ | مُجْلَوَّزٌ |
| مثنى مذكر | مُجْلَوِّزَانِ | مُجْلَوَّزَانِ | مُجْلَوَّزَانِ | مُجْلَوَّزَانِ |
| جمع مؤنث | مُجْلَوِّزُونَ | مُجْلَوَّزُونَ | مُجْلَوَّزُونَ | مُجْلَوَّزُونَ |
| واحدة مؤنث | مُجْلَوِّزَةٌ | مُجْلَوَّزَةٌ | | |
| مثنى مؤنث | مُجْلَوِّزَتَانِ | مُجْلَوَّزَتَانِ | | |
| جمع مؤنث | مُجْلَوِّزَاتٌ | مُجْلَوَّزَاتٌ | | |

## 36- كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەر بىر مشتق نىڭ صيغة سىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ئۇلارنى ئارتۇق ھەرپلەردىن خالىي قىلىڭ.

1- اِجْلَوَّزَ الْحِصَانُ فَرَكِبَهُ الْفَارِسُ مُعْلَوِّطًا بِعُنُقِهِ.

2- عِنْدَ الشَّدَائِدِ يَعْصَوْصِبُ الْأَقْوَامِ.

3- فِي عَامِ 1998 اَغْرَوْرَقَ الْمُدُنُ وَالْقُرَى فِي بَعْضِ مُقَاطَعَاتِ الصِّيْنِ.

4 - اِهْدَوْدَرَ الْمَطَرُ بِغَزَارَةٍ ثُمَّ اِهْرَوْرَقَ الْأَنْهَارُ.

### يەككە سۆزلەر

فَارِسٌ — چەۋەنداز

اِعْصَوْصَبَ يَعْصَوْصِبُ اِعْصِيصَابٌ — گورۇھ بولماق

اِهْدَوْدَرَ يَهْدَوْدِرُ اِهْدِيدَارٌ — قويۇلماق، ياغماق

اِعْلَوَّطَ يَعْلَوِّطُ اِعْلِوَّاطٌ — بوينىغا ئېسىلىپ مىنمەك

اِغْرَوْرَقَ يَغْرَوْرِقُ زتوشۇپ كەتمەك، غرق بول

اِهْرَوْرَقَ يَهْرَوْرِقُ اِهْرِيرَاقٌ — ئاقماق

# 2. اَلْفِعْلُ اَلْمَزِيْدُ الرُّبَاعِيُّ

بۇ تۈردىكى پېئىللار، تۆت ھەرپلىك تۈپ پېئىللار يەنى اَلْمُجَرَّدُالرُّبَاعِيِّ ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ خىل پېئىللار بىر ھەرپ، ئىككى ھەرپ قوشۇلغىنى بولۇپ ئاساسلىق ئۈچ ۋەزىندە كېلىپ، ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، اَلْمَزِيْدُالرُّبَاعِيِّ غا مەنسۇپ بولغان پېئىللاردىن يەنە سەككىز خىل ۋەزىندە كېلىدىغان اَلْمَزِيْدُالرَّبَاعِيِّ بار بولار ئادەتتە مُلْحَقَاتُ اَلْمَزِيْدِ الرُّبَاعِيِّ يەنى مَزِيْدُ الرُّبَاعِيِّ نىڭ قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ھەرپ قوشۇلغىنى

(1) تَ + فَعْلَلَ = تَفَعْلَلَ مەسىلەن

دَحْرَجَ —— تَدَحْرَجَ

مَضْمَضَ —— تَمَضْمَضَ

دَهْوَرَ —— تَدَهْوَرَ

ئىككى ھەرپ قوشۇلغىنى

(1) اِ + فْعَلَ + لَّ = اِفْعَلَلَّ مەسىلەن:

قَشْعَرَ —— اِقْشَعَرَّ

طَمْأَنَ —— اِطْمَأَنَّ

شَمْعَلَ —— اِشْمَعَلَّ

(2) اِ + فْعَ + نْلَلَ = اِفْعَنْلَلَ مەسىلەن:

فَرْقَعَ —— اِفْرَنْقَعَ

حَرْجَمَ —— اِحْرَنْجَمَ

اَلْفِعْلَ اَلْمَزِيْدُالرُّبَاعِي نىڭ بابلىرى

| رقم | مَاضِي | مُضَارِعٌ | أَمْر | مَعَانِي |
|---|---|---|---|---|

| | | | | |
